# ھىسنۇل مۇسلىم

﴿قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئېلىنغان دۇئا ۋە زىكىرلەر﴾

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


د. شەيخ سەئىد ئىبنى ئەلى ئىبنى ۋەھف ئەلقەھتانى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



نەشر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ



2012 - 1433

IslamHouse.com

# حصن المسلم
## من أذكار الكتاب والسنة

« باللغة الأويغورية »

د. سعيد بن علي بن وهف القحطاني

ترجمة: أبو القاسم أحمدي

مراجعة: نظام الدين تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2012 - 1433

IslamHouse.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................................ 11

زىكىرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........................................................ 14

ئۆيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر ....................................... 20

كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا...................................................... 25

يېڭى كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا............................................ 26

يېڭى كىيىم كىيگەن كىشىگە قىلىنىدىغان دۇئا ....................................... 26

كىيىم سالغاندا ئوقۇلىدىغان زىكىر....................................................... 27

ھاجەتخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان زىكىر ................................ 27

ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................................ 27

تاھارەت ئېلىش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان زىكىر .......................................... 27

تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان زىكىر ............................... 28

ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان زىكىر.................................................... 29

ئۆيگە كىرىشتە ئېيتىلىدىغان زىكىر.................................................... 29

مەسجىدكە ماڭغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ................................................ 30

مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا............................................... 32

مەسجىدتىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................................... 32

ئەزان ئېيتىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ......................... ....... 33
نامازنى باشلىغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................ 34
رۇكۇدا ئوقۇلىدىغان دۇئا .............................. ....... 40
رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................ 41
سەجدىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا ................................... ....... 43
ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................ 45
تىلاۋەت سەجدىسىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا........................... ...... 46
تەشەھھۇد (ئەتتەھىيياتۇ)................................. ....... 47
تەشەھھۇدتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاش .......................... 47
ئاخىرقى تەشەھھۇدتىن كېيىن سالامدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................ 49
نامازدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................ 55
ئىستىخارە دۇئاسى.............................................. ....... 61
ئەتىگەن - ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر.............................. ....... 63
ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە زىكىرلەر................................ 76
كېچىسى ئۆرۈلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا .......................... ....... 85
چۆچۈپ ئويغانغاندا ۋە يالغۇز قالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................ 86
يامان چۈش كۆرگەندە قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ............................ 86
ۋىتىردا ئوقۇلىدىغان قۇنۇت دۇئاسى.................................. ....... 87

ۋىتىر نامىزىنىڭ سالامىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................ 89
غەم- قايغۇغا قالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......................... ....... 89
مۇسىبەتكە يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ................................ 91
دۈشمەن ياكى زوراۋان ھاكىم بىلەن ئۇچراشقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ................ 92
پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قورققان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ......................... 93
دۈشمەنگە قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا.......................... ....... 95
بىرەر قەۋمدىن قورققان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ...................................... 95
ئىمانىغا شەك قىلغۇچى ئادەم ئوقۇيدىغان دۇئا .............................. 95
قەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ............................ 96
ناماز ۋە قىرائەتتە ۋەسۋەسە چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................ 97
قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ............................ 97
گۇناھ سادىر قىلغان كىشى نېمە دېيىش ۋە نېمە قىلىشى كېرەك ...................... 98
شەيتان ۋە ئۇنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا ............... 98
ئۆزى رازى بولمايدىغان ئىشقا ياكى ئۆكۈنۈشسىزلىققا يولۇققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........... 98
پەرزەنتلىك بولغان ئادەمنى مۇبارەكلەش ۋە ئۇنىڭ جاۋابى ........................ 99
باللارنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ ئوقۇلىدىغان دۇئا .............................. 99
كېسەل يوقلىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.......................... ..... 100
كېسەل يوقلاشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.......................... ..... 100

هاياتىدىن ئۈمىت ئۈزگەن كېسەل ئوقۇيدىغان دۇئا ........................ 101

سەكراتتىكى كىشىگە شاھادەتنى ئەسلىتىش........................ ...... 102

مۇسىبەتكە گىرىپتار بولغان كىشى قىلىدىغان دۇئا.................... ..... 102

مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................ 103

جىنازا نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا...................................... ...... 103

كىچىك بالىنىڭ جىنازا نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................ 106

تەسەللىي ۋە تەزىيە دۇئاسى........................................... ..... 107

مېيىتنى قەبرىگە ئەكىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا .......................... 108

مېيىتنى  دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا .................. 108

قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................... 109

شامال چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا......................................... ..... 109

ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا................................... ...... 110

يامغۇر تەلەپ قىلىش دۇئاسى.............................................. ...... 110

يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا...................................... ...... 111

يامغۇر يېغىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا .......................... 111

يامغۇر ئاپەتتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىپ ئوقۇيدىغان دۇئا ..................... 112

ھىلال ئايىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ................................. 112

ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا...................................... ..... 113

تائامدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا ...................................... 113
غىزالانغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا.......................................... 114
مېهماننىڭ ساهىبخانغا قىلىدىغان دۇئاسى.......................................... 115
يېمەك-ئىچمەك تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا .................... 115
باشقىلارنىڭكىدە ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا................................ 116
نەپلە روزا تۇتقۇچىنىڭ مېهمانغا تەكلىپ قىلىنىشى توغرىسىدا............ 116
روزىدارغا بىرەرسى ئازار بەرگەندە نېمە دېيىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ............ 116
مېۋىنىڭ دەسلىپىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ............................... 117
چۈشكۈرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا .......................................... 117
كاپىر چۈشكۈرۈپ: "ئەلهەمدۇ لىللاھ" دېسە، نېمە دېيىش توغرىسىدا .............. 117
نىكاھلانغۇچىغا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................................ 118
نىكاھلانغۇچى ۋە ئۇلاغ سېتىۋالغۇچى ئوقۇيدىغان دۇئا............................ 118
ئايالى بىلەن بىرگە بولۇش ئالدىدا ئوقۇيدىغان دۇئا .............................. 119
ئاچچىقى كەلگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا.............................................. 119
مۇسىبەتكە گىرىپتار بولغۇچىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ...................... 119
ئولتۇراشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................................... 120
سورۇننىڭ كاپپارىتى.......................................................... 120
ياخشىلىق قىلغان كىشىگە دېيىلىدىغان دۇئا.......................................... 121

دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا ......................... 121
"مەن سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن" دېگۈچىگە دېيىلىدىغان دۇئا............ 121
ئىقتىسادى ياردەم بەرمەكچى بولغان كىشىگە دېيىلىدىغان دۇئا ..................... 121
قەرزنى قايتۇرغاندا دېيىلىدىغان دۇئا ............................. 122
ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا ........... 122
"ئاللاھ سىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن" دېگۈچىگە دېيىلىدىغان دۇئا ................. 122
شۇم پال ئىلىشنى يامان كۆرۈش توغرىسىدا............................. ..... 123
ئۇلاغ ۋە قاتناش ۋاستىلىرىدا ئولتۇرغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ...................... 123
سەپەر دۇئاسى................................................... ..... 124
بىرەر شەھەرگە كىرىشتە ئوقۇيدىغان دۇئا .................................... 125
بازارغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................................ 126
ئۇلاغ مۇدۇرۇپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا.......................................... ..... 127
مۇساپىرنىڭ مۇقىمغا قىلىدىغان دۇئاسى.................................................. ..... 127
مۇقىمنىڭ مۇساپىرغا قىلىدىغان دۇئاسى................................................ ..... 127
سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان تەكبىر - تەسبىھلەر ............................. 128
مۇساپىرنىڭ تاڭ ئاتقاندا ئوقۇيدىغان دۇئاسى ....................................... 128
بىرەر ئورۇنغا چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ............................................ 129
سەپەردىن قايتقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا.................................................. ...... 129

خوش-خەۋەر ياكى شۇم-خەۋەر يەتكەن كىشىنىڭ نېمە دېيىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ........................................ 130
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاشنىڭ پەزىلىتى ........................ 130
سالاملىشىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ............................ 131
كاپىر سالام قىلسا قانداق جاۋاپ قايتۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا .......................... 133
خوراز چىللىغاندا، ئېشەك ھاڭرىغاندا نېمە دېيىش توغرىسىدا ........... 133
كېچىسى ئىت قاۋىغاندا نېمە دېيىش توغرىسىدا .......................... 133
تىللاپ سالغان كىشىگە قىلىدىغان دۇئا .............................. ..... 134
مۇسۇلمان مۇسۇلماننى مەدھىيىلىسە نېمە دېيىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ... 134
باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى باھا بېرىلگەندە نېمە دېيىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ............................................................ 134
ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغۇچىنىڭ قانداق تەلبىيە ئېيتىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ........................................................ 135
ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا ................... 135
رۇكنى يامانى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەد ئوتتۇرىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا ................. 135
سافا- مەرۋەدە تۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................ 136
ئەرەفات كۈنى ئوقۇلىدىغان دۇئا .................................. 137
مەشئەرۇل ھەرامدا ئوقۇلىدىغان دۇئا............................................ ...... 137

شەيتانغا تاش ئاتقاندا ھەر بىر تاش بىلەن تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا ........ 138

ئەجەبلىنەرلىك ۋە خۇشاللىنارلىق ئىشقا يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 138

خۇش-خەۋەر يەتكەندە نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ........ 139

بەدىنىدە بىرەر ئاغرىقنى ھېس قىلغاندا نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا... 139

باشقىلارغا كۆزى تېگىپ كېتىشتىن قورققان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ........ 139

چۆچۈگەندە نېمە دېيىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ........ 140

مال بوغۇزلىغاندا نېمە دېيىش كېرەكلىكى توغرىسىدا........ 140

شەيتاننىڭ ھىلە-مىكىرلىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا........ 140

ئىستىغپار ۋە تەۋبە توغرىسىدا........ 141

سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر دېيىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.... 143

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تەسبىھ ئېيتقانلىقى توغرىسىدا........ 148

ياخشىلىقنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا ........ 149

## كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر، بىز ئۇنى داۋاملىق مەدھىيەلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز. ئاللاھقا سىغىنىپ نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن، ئەمەللىرىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى، ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى يوق، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق، ئۇ يەككە - يېگانە، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ زاتنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىگە، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ سالامى ۋە چەكسىز رەھمىتى بولسۇن.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچىنى سەپەرلەردە ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، «قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئېلىنغان دۇئا-زىكىرلەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن دەم سېلىپ داۋالاش» ناملىق ئەسىرىمنىڭ "دۇئا ۋە زىكىرلەر" بۆلۈمىنى نەقىل كەلتۈرۈش

بىلەن ۋە دۇئا-زىكىرلەرنىڭ تېكىستىنىمۇ ئالدىم ۋە ئەسلىدە بار بولغان بىر ياكى ئىككى مەنبەنى زىكىر قىلىش بىلەن كۇپايىلەندىم. مەزكۇر دۇئا ياكى زىكىرنى رىۋايەت قىلغان ساھابىنىڭ كىملىكىنى بىلىش ياكى توپلىغۇچىلار ھەققىدە كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى خالىغۇچىلار ئەسلى مەنبەگە مۇراجىئەت قىلسۇن.

ئاللاھتىن، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، بۇ ئەمەلىمنى خالىس ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قىلىپ بېرىشىنى، ھايات ۋە ماماتلىقىمدا بۇنىڭ بىلەن مېنى ۋە ئۇنى ئوقۇغان ياكى باستۇرۇپ تارقاتقان ۋە تارقىتىشقا ھەمكارلاشقان، تەرجىمە قىلغان كىشىلەرنى مەنپەئەتلىنىشكە مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمەن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەھلىدۇر ۋە شۇنداق قىلىشقا قادىردۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارغا ياخشىلىقتا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.

ئاپتور

ھىجرىيە 1409- يىلى سەپەر

## زىكرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَٱذۡكُرُونِيٓ أَذۡكُرۡكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِي وَلَا تَكۡفُرُونِ﴾ تەرجىمىسى: «مېنى (تائەت - ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار». [بەقەرە سۈرىسى 152- ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ ذِكۡرٗا كَثِيرٗا﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار». [سۈرە ئەھزاب 41- ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱلذَّٰكِرِينَ ٱللَّهَ كَثِيرٗا وَٱلذَّٰكِرَٰتِ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُم مَّغۡفِرَةٗ وَأَجۡرًا عَظِيمٗا﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى». [سۈرە ئەھزاب 35- ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱذۡكُر رَّبَّكَ فِي نَفۡسِكَ تَضَرُّعٗا وَخِيفَةٗ وَدُونَ ٱلۡجَهۡرِ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ بِٱلۡغُدُوِّ وَٱلۡأٓصَالِ وَلَا تَكُن مِّنَ ٱلۡغَٰفِلِينَ﴾ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۈنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن». [سۈرە ئەئراف 205ـ ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «رەببىنى زىكرى قىلغان كىشى بىلەن زىكرى قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالى ھايات بىلەن ئۆلۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئەڭ پاك ھېسابلىنىدىغان، دەرىجەڭلەرنى ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىھسان قىلغاندىنمۇ، دۈشمىنىڭلار بىلەن ئېلىشقاندىنمۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولىدىغان ئەمەلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار: ئېيتىپ

بەرسلە دېۋدى، پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام: ‹ئاللاهنى ياد ئېتىشتىن ئىبارەتتۇر.» دەيدۇ. [ترمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

ھەدىس قۇدسىيدا پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، بەندەم مەن توغرۇلۇق قانداق ئويلىسا، مەن شۇنداقمەن. ئەگەر ئۇ مېنى ياد ئەتسە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن، ئۇ مېنى ئىچىدە ياد ئەتسە مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە ياد ئېتىمەن، ئۇ مېنى جامائەت ئىچىدە ياد ئەتسە مەن ئۇنى مەزكۇر جامائەتتىنمۇ ياخشىراق جامائەت ئىچىدە ياد ئېتىمەن. ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى يا رەسۇلۇللاھ، ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئەمەللەر ماڭا ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەتتى(بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى نەپلە ئىبادەتلەر)، مەن چىڭ ئېسىلىدىغان

بىر نەرسىنى ئىيتىپ بەرگەن بولسىلا، دىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىلىڭ ھەرۋاقىت ئاللاھنىڭ زىكرىدىن توختاپ قالمىسۇن» دىدى. [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇسا ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق بولىدۇ، بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىگە كۆپەيتىلىدۇ، ‹ئەلىف، لام، مىم› بىر ھەرپ دىمەيمەن. لىكىن ئەلىف بىر ھەرپ، لام بىر ھەرپ، مىم بىر ھەرپتۇر.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز مەسجىدنىڭ سۇپىسىدا ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ: سىلەردىن كىم ھەر كۈنى بۇتھان ياكى ئەقىق دىگەن جايغا بىرىپ گۇناھ سادىر قىلماستىن، سىلە-رەھىمنى ئۈزمەستىن چوڭ لوككىلىق ئىككى تۆگە ئەكىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟، دىۋىدى. بىز: يا رەسۇلۇللاھ! بىز شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىمىز، دىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئىككى ئايەت

بىلىش ياكى ئوقۇش ئۈچۈن سەھەردە مەسچىتكە بارامدۇ؟! بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تۆگىدىن ياخشى. ئۈچ ئايەت ئوقۇش ئۈچ تۆگىدىن، تۆت ئايەت ئوقۇش تۆت تۆگىدىن ياخشى. تۆگىلەرنىڭ سانى ئايەتلەرنىڭ سانى بويىچە بولىدۇ، دېدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىرەر ئورۇندا ئاللاھنى زىكرى قىلماي ئولتۇرىدىكەن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ھەسرەت بولىدۇ. كىمكى بىرەر ئورۇندا ئاللاھنى زىكرى قىلماي ياتىدىكەن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ھەسرەت بولىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر جامائەت بىرەر ئورۇندا ئولتۇرغاندا ئاللاھنى ياد ئىتىپ، پەيغەمبىرىگە دۇرۇت ئېيتمىسا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا ھەسرەت بولىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئۇلارنى ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ.» [ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بىر جامائەت بىرەر ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ئاللاھنى زىكرى قىلماي تۇرۇپ كەتسە، ياخشىلىقتىن ئىشەكنىڭ تاپىدىن قاچقاندەك بولىدۇ، بۇ سەۋەبلىك قىيامەت كۈنى نادامەت تارتىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى].

## ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر

«الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ» تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ سانا بىزنى ۋاپات قىلغاندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا خاستۇر، بىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىمىز.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. سُبْحَانَ اللّهِ، وَالْحَمْدُ لِلّهِ، وَلاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَاللّهُ أَكْبَرُ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاّ بِاللّهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ، رَبِّ اغْفِرْ لِي» تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر ۋە ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ - قۇۋۋەت يوقتۇر، ئى رەببىم مېنى مەغپىرەت قىلغىن.» [بۇخارى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«الْحَمْـــدُ لِلَّهِ الَّذِي عَافَـــانِي فِي جَسَـــدِي وَرَدَّ عَلَيَّ رُوحِي وَأَذِنَ لِي بِـــذِكْرِهِ»

تەرجىمىسى: «بارلىق ھەمدۇ-سانا تېنىمنى سالامەت قىلغان، روھىمنى قـايتۇرۇپ بەرگەن، ئۆزىنى زىكرى قىلىشىمغا مېنـى مۇيەسسـەر قىلغـان ئاللاھقـا خاسـتۇر.»

[تىرمىزى رىۋايىتى].

﴿ إِنَّ فِى خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِى ٱلۡأَلۡبَٰبِ
١٩٠ ٱلَّذِينَ يَذۡكُرُونَ ٱللَّهَ قِيَٰمٗا وَقُعُودٗا وَعَلَىٰ جُنُوبِهِمۡ وَيَتَفَكَّرُونَ فِى خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِ رَبَّنَا مَا خَلَقۡتَ هَٰذَا بَٰطِلٗا سُبۡحَٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ١٩١ رَبَّنَآ إِنَّكَ مَن
تُدۡخِلِ ٱلنَّارَ فَقَدۡ أَخۡزَيۡتَهُۥۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ أَنصَارٖ ١٩٢ رَّبَّنَآ إِنَّنَا سَمِعۡنَا مُنَادِيٗا يُنَادِى
لِلۡإِيمَٰنِ أَنۡ ءَامِنُواْ بِرَبِّكُمۡ فَـَٔامَنَّاۚ رَبَّنَا فَٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرۡ عَنَّا سَيِّـَٔاتِنَا وَتَوَفَّنَا
مَعَ ٱلۡأَبۡرَارِ ١٩٣ رَبَّنَا وَءَاتِنَا مَا وَعَدتَّنَا عَلَىٰ رُسُلِكَ وَلَا تُخۡزِنَا يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۖ إِنَّكَ لَا
تُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ١٩٤ فَٱسۡتَجَابَ لَهُمۡ رَبُّهُمۡ أَنِّى لَآ أُضِيعُ عَمَلَ عَٰمِلٖ مِّنكُم مِّن ذَكَرٍ أَوۡ
أُنثَىٰۖ بَعۡضُكُم مِّنۢ بَعۡضٖۖ فَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ وَأُخۡرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِمۡ وَأُوذُواْ فِى سَبِيلِى
وَقَٰتَلُواْ وَقُتِلُواْ لَأُكَفِّرَنَّ عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡ وَلَأُدۡخِلَنَّهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِى مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ

ثَوَابٗا مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسۡنُ ٱلثَّوَابِ ١٩٥ لَا يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
فِي ٱلۡبِلَٰدِ ١٩٦ مَتَٰعٞ قَلِيلٞ ثُمَّ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ ١٩٧ لَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ رَبَّهُمۡ
لَهُمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا نُزُلٗا مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِۗ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ
خَيۡرٞ لِّلۡأَبۡرَارِ ١٩٨ وَإِنَّ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ لَمَن يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُمۡ وَمَآ أُنزِلَ
إِلَيۡهِمۡ خَٰشِعِينَ لِلَّهِ لَا يَشۡتَرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنٗا قَلِيلًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡۗ
إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ١٩٩ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱصۡبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ٢٠٠ ﴾ تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): ‹پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر

چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار، دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن›. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرەتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان

جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار. كاپىرلارنىڭ (پۇل- مال، ئابروي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك!. پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇيەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنا راھەتتىن) ئارتۇقتۇر. ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار؛ ئۇلار ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە شەرىئەت

ئەھكـاملىرىنى، راھىبلارغـا ئوخشـاش، دۇنيانـىڭ ئەرزىـمەس نەرسـىلىرىنى دەپ ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ)، ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىـدا سـاۋاب بېرىلىـدۇ. ئـالالاھ ھەقىـقەتەن تېـز ھېسـاب ئالغۇچىـدۇر. ئـى مـۆمىنلەر! تـائەت ـ ئىبادەتنىـڭ مۇشـەققەتلىرىگە ۋە سـىلەرگە يەتـكەن ئېغىرچىلىقلارغـا سـەۋر قىلىڭـلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىـداملىق بولـۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنـى سـاقلاپ) جىھادقـا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئالالاھتىن قورقـۇڭلار (يەنـى ئۇنـىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)». [سۈرە ئال-ئىمران 190-ئـايەتتىن 200-ئايەتكىچە].

## كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«الْحَمْدُ لِلّهِ الّذِي كَسَانِي هَذَا (الثّوْبَ) وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْـرِ حَـوْلٍ مِنّـي وَلاَ قُـوّةٍ»

تەرجىمىسى: «بارلىق ھەمدۇ-سانا ماڭا بۇ كىيىمنى كىيدۈرگەن ۋە ئۇنى چارە ـ تەدبىـر ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىسىز ماڭا مۇيەسسەر قىلغـان ئالالاھقـا خاسـتۇر.» [نەسـائىدىن باشـقا ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ ھەممىسىدىن رىۋايەت قىلىنغان].

## يېڭى كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ كَسَوْتَنِيهِ أَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِهِ وَخَيْرِ مَا صُنِعَ لَهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَشَرِّ مَا صُنِعَ لَهُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، بارلىق ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر، بۇ كىيىمنى ماڭا سەن كەيدۈردۈڭ، سەندىن بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇنىڭ تەييارلىنىشىدىكى مەقسەتنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. بۇ كىيىمنىڭ شەررىدىن، ئۇنىڭ تەييارلىنىشىدىكى مەقسەتنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىمەن.» [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى].

## يېڭى كىيىم كىيگەن كىشىگە قىلىنىدىغان دۇئا

«تُبْلِي وَيُخْلِفُ اللَّهُ تَعَالَى» تەرجىمىسى: «ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، ئاللاھ تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بەرسۇن.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«إِلْبِسْ جَدِيدًا وَعِشْ حَمِيدًا وَمُتْ شَهِيدًا» تەرجىمىسى: «يېڭىنى كىيىڭ، مەدھىلىنىپ ياشاڭ، شېھىدلەرچە ئۆلۈڭ.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## كىيىم سالغاندا ئوقۇلىدىغان زىكىر

« بِسْـمِ اللّـهِ » تەرجىمىسـى: «ئاللاھنىـڭ ئىسـمى بىـلەن (سـالىمەن).» [تىرمىزى رىۋايىتى].

## ھاجەتخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللّهِ، اللّهُمّ إِنّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَالْخَبَائِثِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (كىرىمەن)، ئـى پەرۋەردىگـارىم! ئەركەك - چىشـى شـەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«غُفْرَانَكَ» تەرجىمىسى:«سىنىڭ مەغپىرىتىڭنـى (تىلەيـمەن).» [نەسـائىدىن باشقا ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ ھەممىسىدىن رىۋايەت قىلىنغان].

## تاھارەت ئېلىش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان زىكىر

« بِسْمِ اللّهِ » تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشـلايمەن).» [ئەبـۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد رىۋايىتى].

## تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان زىكىر

«أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ»

تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر ۋە ھېچ شېرىكى يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ زاتنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ التَّوَّابِينَ وَاجْعَلْنِي مِنَ الْمُتَطَهِّرِينَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن ۋە گۇناھتىن پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

«سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ»

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، ساڭا ھەمدە ئېيتىش بىلەن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن ۋە ساڭا تۆۋە قىلىمەن.» [نەسائى رىۋايىتى].

## ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان زىكىر

«بِسْمِ اللّهِ تَوَكّلْتُ عَلَى اللّهِ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إلاّ بِاللّهِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (چىقتىم) ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر». [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

«اللّهُمّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَضِلّ، أَوْ أُضَلّ، أَوْ أَزِلّ، أَوْ أُزَلّ، أَوْ أَظْلِمَ، أَوْ أُظْلَمَ، أَوْ أَجْهَلَ، أَوْ يُجْهَلَ عليّ» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئېزىپ كېتىشتىن ياكى ئازدۇرۇلۇشتىن، خاتالىششتىن ياكى خاتالاشتۇرۇلۇشتىن، زۇلۇم قىلىشتىن ياكى زۇلۇم قىلىنىشتىن، جاھىللىق قىلىشتىن ياكى جاھىللىق قىلىنىشتىن ساڭا سىغىنىمەن.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## ئۆيگە كىرىشتە ئېيتىلىدىغان زىكىر

«بِسْمِ اللّهِ وَلَجْنَا، وَبِسْمِ اللّهِ خَرَجْنَا، وَعَلَى رَبّنَا تَوَكّلْنَا» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كىردۇق، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقتۇق،

رەببىمىزغىلا تەۋەككۇل قىلدۇق، دەپ ئاندىن ئائىلە تاۋاباتلىرىگە سالام قىلسۇن.»

[ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى].

## مەسجىدكە ماڭغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِي قَلْبِي نُورًا، وَفِي لِسَانِي نُورًا، وَ فِي سَمْعِي نُورًا، وَ فِي بَصَرِي نُورًا، وَمِنْ فَوْقِي نُورًا، وَمِنْ تَحْتِي نُورًا، وَعَنْ يَمِينِي نُورًا، وَعَنْ شِمَالِي نُورًا، وَمِنْ أَمَامِي نُورًا، وَمِنْ خَلْفِي نُورًا، وَاجْعَلْ فِي نَفْسِي نُورًا، وَأَعْظِمْ لِي نُورًا، وَعَظِّمْ لِي نُوراً، وَاجْعَلْ لِي نُورًا، وَاجْعَلْنِي نُوراً، اللّٰهُمَّ أَعْطِنِي نُورًا، وَاجْعَلْ فِي عَصَبِي نُورًا، وَفِي لَحْمِي نُورًا، وَفِي دَمِي نُورًا، وَفِي شَعَرِي نُورًا، وَفِي بَشَرِي نُورًا» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! قەلبىمنى نۇرلۇق قىلغىن، تىلىمنى نۇرلۇق قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، كۆزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئۈستۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئاستىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، سول تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئالدىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئارقامنى نۇرلۇق قىلغىن، روھىمنى نۇرلۇق قىلغىن، مېنى بۈيۈك نۇرلۇق قىلغىن، يۈكسەك نۇرلۇق قىلغىن، مېنى نۇرلۇق قىلغىن، ئى

پەرۋەردىگارىم! ماڭا نۇر بەرگىن، نىرۋامنى نۇرلۇق قىلغىن، گۆشۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، قېنىمنى نۇرلۇق قىلغىن، چېچىمنى نۇرلۇق قىلغىن، چىرايىمنى نۇرلۇق قىلغىن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّٰهُمَّ اجْعَلْ لِي نُوراً فِي قَبْرِي، وَنُوراً فِي عِظَامِي» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! قەبرەمنى ماڭا نۇرلۇق قىلىپ بەرگىن، سۆڭەكلىرىمنى نۇرلۇق قىلغىن.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

«زِدْنِي نُوراً، وَزِدْنِي نُوراً، وَزِدْنِي نُوراً» تەرجىمىسى: «ماڭا نۇرنى زىيادە قىلىپ بەرگىن، ماڭا نۇرنى زىيادە قىلىپ بەرگىن، ماڭا نۇرنى زىيادە قىلىپ بەرگىن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

«وَهَبْ لِي نُوراً عَلَى نُورٍ» تەرجىمىسى: «ماڭا نۇر ئۈستىگە نۇر بېغىشلىغىن.» [ئىبنى ھەجەر پەتھۇل بارى ناملىق ئەسەردە قەيت قىلغان].

## مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«أَعُوذُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ وَبِوَجْهِهِ الْكَرِيمِ وَسُلْطَانِهِ الْقَدِيمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ. بِسْمِ اللَّهِ، والصَّلاةِ والسَّلامُ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ. اللَّهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ» تەرجىمىسى: «مەلئۇن شەيتاننىڭ شەررىدىن ئۇلۇغ ئاللاھقا، ئۇنىڭ بۈيۈك زاتىغا، ئەزەلىي سەلتەنىتىگە سىغىنىمەن. ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (كىرىدىم). رەھمەت، سالام ۋە دۇرۇتلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بولسۇن. ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئاچقىن.» [ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## مەسجىدتىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللَّهِ، والصَّلاةُ والسَّلامُ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ، اللَّهُمَّ اعْصِمْنِي مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (چىقتىم). رەھمەت، سالام ۋە دۇرۇتلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بولسۇن. ئى ئاللاھ! پەزلى - رەھمىتىڭدىن سورايمەن، ئى ئاللاھ! مېنى مەلئۇن شەيتاندىن ساقلىغىن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## ئەزان ئېيتىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«ئەزان ئېيتىلغاندا (ئەزاننى ئاڭلىغۇچى) مۇئەززىننىڭ دېگىنىنى تەكرارلايدۇ، لېكىن مۇئەززىن: "ھەييە ئەلەسسەلات ۋە ھەييە ئەلەلفەلاھ" دېگەندە «لا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دەيدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى].

«وَأَنَا أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَأَنّ مُحَمّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ رَضِيتُ بِاللّهِ رَبًّا، وَبِمُحَمّدٍ رَسُولاً وَبِالإِسْلاَمِ دِينًا» تەرجىمىسى: مۇئەززىن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئەزاننى ئاڭلىغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ زاتنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. پەرۋەردىگارىمىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبىرىمىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە، دىنىمنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇم.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئەزان كەلىمىلىرىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّداً الْوَسِـيلَةَ وَالْفَضِـيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ [إِنَّكَ لاَ تُخْلِفُ المِيْعَاد]» تەرجىمىسى: «بۇ ئۇلـۇغ چـاقىرىق ۋە بەرپـا قىلىنغـان نامازنىـڭ پەرۋەردىگـارى ئـاللاھ، مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىق ۋە پەزىلەت ئاتا قىلغىن، ئۇنى ئۆزەڭ ۋەدە قىلغان ماقامى مەھمۇد (قىيامەت كۈندىكى شاپائەت مەرتىۋىسى) گە ئېرىشتۈرگىن، "جەزمەنكى سەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن"» [بۇخارى رىۋايىتى].

ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا ئۆزىگە دۇئا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا قىلىنغان دۇئا ئىجابەت قىلىنىدۇ. [تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

## نامازنى باشلىغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَـيْنَ الْمَشْـرِقِ وَالْمَغْـرِبِ، اللَّهُمَّ نَقِّنِي مِنْ خَطَايَايَ كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الأَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ، اللَّهُمَّ اغْسِلْنِي مِنْ خَطَايَايَ بِالثَّلْجِ وَالْمَاءِ وَالْبَرَدِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن بىلەن مېنىـڭ خاتالىقلىرىمنىڭ ئارىلىقىنى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدەك يىراق قىلغىـن. ئـى

ئاللاھ! مېنى خاتالىقلىرىمدىن ئاق كىيىمنى كىردىن پاكىزلىغاندەك پاكىزلىغىن. ئى ئاللاھ! خاتالىقلىرىمنى سۇ، قار ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇغىن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«سُبْحَانَكَ اللّهُمّ وبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وتَعَالَى جَدُّكَ وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ»

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، ساڭا ھەمدە ئېيتىش بىلەن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئىسمىڭ بەرىكەتلىكتۇر، ئۇلۇغلۇقۇڭ يۈكسەكتۇر، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«وَجّهْتُ وَجْهِي لِلّذِي فَطَرَ السّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ إِنّ صَلاَتِي وَنُسُكِي، وَمَحْيَايَ، وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبّ الْعَالَمِينَ، لاَ شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا مِنَ الْمُسْلِمِينَ. اللّهُمّ أَنْتَ الْمَلِكُ لاَ إِلَهَ إِلاّ أَنْتَ. أَنْتَ رَبّي وَأَنَا عَبْدُكَ، ظَلَمْتُ نَفْسِي وَاعْتَرَفْتُ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي ذُنُوبِي جَمِيعًا إِنّهُ لاَ يَغْفِرُ الذّنُوبَ إِلاّ أَنْتَ. وَاهْدِنِي لِأَحْسَنِ الأَخْلاَقِ لاَ يَهْدِي لأَحْسَنِهَا إِلاّ أَنْتَ، وَاصْرِفْ عَنّي سَيّئَهَا، لاَ يَصْرِفُ عَنّي سَيّئَهَا إِلاّ أَنْتَ لَبّيْكَ وَسَعْدَيْكَ، وَالْخَيْرُ

كُلُّهُ بِيَدَيْكَ. وَالشَّرُّ لَيْسَ إِلَيْكَ أَنَا بِكَ وَإِلَيْكَ تَبَارَكْتَ وَتَعَالَيْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ» تەرجىمىسى: «مەن يۈزۈمنى ئاسمان ۋە زېمىنلارنى ياراتقان زاتقا يۈزلەندۈردۈم، مەن مۇشرىكلەردىن ئەمەسمەن. ھەقىقەتەن مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن شۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن. ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقىي پادىشاھدۇرسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سەن مېنىڭ رەببىم، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، گۇناھىمغا ئىقرارمەن، بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن. چۈنكى گۇناھلارنى پەقەت سەنلا كەچۈرسەن. مېنى گۈزەل ئەخلاقلارغا يېتەكلىگىن، گۈزەل ئەخلاقلارغا پەقەت سەنلا يېتەكلەيسەن. مېنى يامان ئەخلاقلاردىن قايتۇرغىن، يامان ئەخلاقلاردىن پەقەت سەنلا قايتۇرسەن. مەن (ئەمرى - پەرمانىڭغا) ھازىرمەن، بارلىق ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس، مەن قۇدرىتىڭ بىلەن مەۋجۇتمەن، سەن تەرەپكە

قايتىمەن، سەن بەرىكەتلىك ۋە بۈيۈكتۈرسەن، سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ رَبَّ جَبْرَائِيلَ، وَمِيكَائِيلَ، وَإِسْرَافِيلَ فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ. عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ أَنْتَ تَحْكُمُ بَيْنَ عِبَادِكَ فِيمَا كَانُوا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ. اهْدِنِي لِمَا اخْتُلِفَ فِيهِ مِنَ الْحَقِّ بِإِذْنِكَ إِنَّكَ تَهْدِي مَنْ تَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ» تەرجىمىسى: «ئى جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسراپىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچى، غايىب ۋە ھازىرنى بىلگۈچى ئاللاھ، سەن بەندىلىرىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرىدە ھۆكۈم قىلىسەن. سەن مېنى ئىختىلاپ قىلىنغان نەرسىلەردە ئىزنىڭ بىلەن توغرىغا باشلىغىن. سەن ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايسەن.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا، اللّهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا، اللّهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا، وَالْحَمْدُ لِلّهِ كَثِيرًا، وَالْحَمْدُ لِلّهِ كَثِيرًا، وَالْحَمْدُ لِلّهِ كَثِيرًا، وَسُبْحَانَ اللّهِ بُكْرَةً وَأَصِيلاً. أَعُوذُ بِاللّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ: مِنْ نَفْخِهِ وَنَفْثِهِ وَهَمْزِهِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ

بۇيۇكتۇر، ئاللاھ بۇيۇكتۇر، بارلىق ھەمدۇ- سانا ئاللاھقا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ- سانا ئاللاھقا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ داۋاملىق پاكتۇر (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ). مەلئۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن ۋە يامانلىقنى ئۈگۈتىشىدىن ئاللاھقا سىغىنىمەن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّهُمّ لَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ نُورُ السّموَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنّ، وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ قَيّمُ السّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنّ، وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ رَبُّ السّموَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنّ، وَلَكَ الْحَمْدُ لَكَ مُلْكُ السّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنّ، وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ مَلِكُ السّمَوَاتِ وَالأَرْضِ، وَلَكَ الْحَمْدُ، أَنْتَ الْحَقُّ، وَوَعْدُكَ الْحَقُّ، وَقَوْلُكَ الْحَقُّ، وَلِقَاؤُكَ الْحَقّ، وَالْجَنّةُ حَقّ، وَالنّارُ حَقّ، وَالنّبِيُّونَ حَقّ، وَمُحَمّدٌ صَلّى اللّه عَلَيْهِ وَسَلّمَ حَقّ، وَالسّاعَةُ حَقّ، اللّهُمّ لَكَ أَسْلَمْتُ، وَعَلَيْكَ تَوَكّلْتُ، وَبِكَ آمَنْتُ، وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ وَبِكَ خَاصَمْتُ، وَإِلَيْكَ حَاكَمْتُ. فَاغْفِرْ لِي مَا قَدّمْتُ، وَمَا أَخّرْتُ، وَمَا أَسْرَرْتُ، وَمَا أَعْلَنْتُ، أَنْتَ الْمُقَدّمُ، وَأَنْتَ الْمُؤَخّرُ لاَ إِلَهَ إِلاّ أَنْتَ، أَنْتَ

إِلَهِي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، بارلىق ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمان- زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ نۇرىسەن. بارلىق ھەمدۇ- سانا ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمانلى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنى باشقۇرغۇچىسەن. بارلىق ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىسەن. بارلىق ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر، ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ساڭا مەنسۇپتۇر. بارلىق ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق پادىشاھىسەن. بارلىق ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر، سەن ھەقدۇرسەن، ۋەدەڭ ھەقتۇر، سۆزۈڭ ھەقتۇر، قىيامەتتە سەن بىلەن ئۇچرىشىش ھەقتۇر، جەننەت ھەقتۇر، دوزاخ ھەقتۇر، پەيغەمبەرلەر ھەقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقتۇر، قىيامەت ھەقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا قايتتىم، سەن ياردىمىڭ بىلەن پىداكارلىق كۆرسەتتىم، ھەققە ئىنكار قىلغانلارنى ساڭا قويدۇم، ئىلگىرى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە

گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، سەن ئەۋۋەلسەن، سەن ئاخىرسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سەن ئىلاھىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## رۇكۇدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«سُبْحَانَ رَبِّـيَ الْعَظِـيمِ» تەرجىمىسى: «ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن» (ئۈچ قېتىم). [ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

«سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِـي» تەرجىمىسى: «ئى رەببىمىز ئاللاھ، ساڭا ھەمدۇ ئېيتىش بىلەن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، ئى ئاللاھ، مېنى مەغپىرەت قىلغىن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«سُـبُّوحٌ قُـدُّوسٌ رَبُّ الْمَلَائِكَـةِ وَالـرُّوحِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ پاكتۇر، مۇقەددەستۇر، پەرىشتىلەرنىڭ، جىبرىئىلنىڭ رەببىدۇر.» [مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«اللّٰهُمَّ لَكَ رَكَعْتُ، وَبِكَ آمَنْتُ، وَلَكَ أَسْلَمْتُ خَشَعَ لَكَ سَمْعِي، وَبَصَرِي، وَمُخِّي، وَعَظْمِي، وَعَصَبِي، وَمَا اسْتَقَلَّ بِهِ قَدَمِي» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا ئىبادەت قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا بويسۇندۇم، قۇلىقىم، كۆزەم، يىلىكىم، مېڭەم، سۆڭىكىم، زېھنىم ۋە قەدىمىم ئىگە بولغان نەرسىلەر ساڭا بويسۇندى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ، وَالْمَلَكُوتِ، وَالْكِبْرِيَاءِ، وَالْعَظَمَةِ» تەرجىمىسى: «كۈچ - قۇدرەت، پادىشاھلىق، كاتتىلىق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى بولغان ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.» [ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

## رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» تەرجىمىسى: «كىمكى ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ (ھەمدىسىنى) ئاڭلايدۇ.» [بۇخارى رىۋايىتى].

«رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ» تەرجىمىسى: «ئى رەببىمىز، بەرىكەتلىكى چەكسىز ۋە پاك ھەمدۇ-سانالار ساڭا خاستۇر.» [بۇخارى رىۋايىتى].

«مِلْءُ السَّمَاوَاتِ ومِلْءُ الأَرْضِ وَما بَيْنَهُما وَمِلْءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ. أَهْلَ الثَّنَاءِ وَالْمَجْدِ أَحَقُّ مَا قَالَ الْعَبْدُ وَكُلُّنَا لَكَ عَبْدٌ اللَّهُمَّ لاَ مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ» تەرجىمىسى: «ئى مەدھىيە ۋە شان - شەرەپ ئىگىسى ئاللاھ! ئاسمان- زېمىننى تولدۇرغۇدەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى تولدۇرغۇدەك ۋە بۇنىدىن باشقا سەن خالىغان نەرسە تولغۇدەك چەكسىز ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر. سەن بەندەڭ ئېيتقان ھەمدۇ-ساناغا ئەڭ ھەقلىقسەن. ھەممىمىز ساڭا بەندىمىز. ئى ئاللاھ! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن توسۇپ قويغان نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سېنىڭ دەرگاھىڭدا ئابرۇيلۇقلارنىڭ ئابرويى ئەسقاتمايدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## سەجدىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلى» تەرجىمىسى: «ھەممىدىن يۈكسەك رەببىمنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.» (ئۈچ قېتىم) [ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

«سُبْحَانَكَ اللّهُمّ رَبّنَا وَبِحَمْدِكَ اللّهُمّ اغْفِرْ لِي» تەرجىمىسى: «ئى رەببىمىز ئاللاھ، ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش بىلەن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. ئى ئاللاھ، مېنى مەغپىرەت قىلغىن.» [بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

«سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْمَلَائِكَةِ وَالرُّوحِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ پاكتۇر، مۇقەددەستۇر، پەرىشتىلەرنىڭ، جىبرىئىلنىڭ رەببىدۇر.» [مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«اللّهُمّ لَكَ سَجَدْتُ وَبِكَ آمَنْتُ، وَلَكَ أَسْلَمْتُ سَجَدَ وَجْهِي لِلّذِي خَلَقَهُ وَصَوّرَهُ وَشَقّ سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ تَبَارَكَ اللّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، ساڭا سەجدە قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا بويسۇندۇم، يۈزۈم ئۇنى ياراتقان،

گۈزەل شەكىلگە كىرگۈزگەن، ئۇنىڭغا قۇلاق ۋە كۆزنى ئورۇنلاشتۇرغان زاتقا سەجدە قىلدى. ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى يۇيۈكتۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ، وَالْمَلَكُوتِ، وَالْكِبْرِيَاءِ، وَالْعَظَمَةِ» تەرجىمىسى: «كۈچ - قۇدرەت، پادىشاھلىق، كاتتىلىق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى بولغان ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.» [ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائىي رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلَّهُ، دِقَّهُ وَجِلَّهُ، وَأَوَّلَهُ وَآخِرَهُ وَعَلاَنِيَتَهُ وَسِرَّهُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بارلىق چوڭ-كىچىك، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، ئىلگىرى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ، وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ، لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، غەزىپىڭدىن رازىلىقىڭغا، ئازابىڭدىن كەچۈرۈم قىلىشىڭنى تىلەپ ساڭا سىغىنىمەن.

مەن سىنى قانچىلىك مەدھىيەلىسەممۇ سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيىلىگەندەك مەدھىلىيەلمەيمەن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«رَبِّ اغْفِرْ لِي رَبِّ اغْفِرْ لِي» تەرجىمىسى: «ئى رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي، وَارْحَمْنِي، وَاهْدِنِي، وَاجْبُرْنِي، وَعَافِنِ، وَارْزُقْنِي، وَارْفَعْنِي» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنىڭ كەمچىلىكلىرىمنى تولۇقلاپ بەرگىن، مېنى ئەپۇ قىلغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە دەرىجەمنى كۆتۈرگىن.» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## تىلاۋەت سەجدىسىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«سَجَدَ وَجْهِي لِلَّذِي خَلَقَهُ، وَشَقَّ سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ بِحَوْلِهِ وَقُوَّتِهِ [فَتَبَارَكَ اللَّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ]» تەرجىمىسى: «مېنىڭ يۈزۈم ئۇنى ياراتقان، كۈچ - قۇدرىتى بىلەن قۇلاقنى، كۆزنى ئورۇنلاشتۇرغان زاتقا سەجدە قىلدى. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.»

«اللَّهُمَّ اكْتُبْ لِي بِهَا عِنْدَكَ أَجْرًا، وَضَعْ عَنِّي بِهَا وِزْرًا، وَاجْعَلْهَا لِي عِنْدَكَ ذُخْرًا، وَتَقَبَّلْهَا مِنِّي كَمَا تَقَبَّلْتَهَا مِنْ عَبْدِكَ دَاوُدَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بۇ سەجدەم ئارقىلىق ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدا ئەجىر يازغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەندىن گۇناھنى ئېلىپ تاشلىغىن، ماڭا ئۇنىڭ ساۋابىنى دەرگاھىڭدا ساقلىغىن، مەندىن ئۇنى بەندەڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلغىن.» [تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى].

## تەششەھھۇد (ئەتتتەھىيياتۇ)

«التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ، وَالصَّلَوَاتُ، وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ. وَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ» تەرجىمىسى: «ئېھتىراملار، ناماز، دۇئا ۋە ياخشى ئەمەللەر ئاللاھقا خاستۇر، ئى پەيغەمبەر! سىزگە سالام، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن. بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە سالام بولسۇن. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## تەشەھھۇدتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاش

«اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ» تەرجىمىسى: «ئى

ئـاللاھ! ئىبــراھىم ئەلەيھىسســالامغا ۋە ئۇنــىڭ ئـائىلە تاۋابىئاتلىرىغـا رەھــمەت قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنـىڭ ئـائىلە تاۋابىئاتلىرىغـا رەھـمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتسەن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

«اللّهُمّ صَلِّ عَلَى مُحَمّدٍ وَعَلَـى أَزْوَاجِـهِ وَذُرِّيّتِـهِ كَمَـا صَـلّيْتَ عَلَـى آلِ إِبْرَاهِيمَ. وَبَارِكْ عَلَى مُحَمّدٍ وَعَلَى أَزْوَاجِهِ وَذُرِّيّتِهِ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ. إِنّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ» تەرجىمىسى: «ئى ئالLاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنـىڭ ئـائىلە تاۋابىئاتلىرىنىــڭ نــام ـ نىشانىســىنى مەڭگــۈ قىلغانــدەك، مــۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام ـ نىشانىسىنى مەڭگۈ قىلغىــن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايــىق ۋە ئۇلــۇغ مەرتىۋىلــىك زاتســەن.» [بۇخــارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

## ئاخىرقى تەشەھھۇدتىن كېيىن سالامدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ، وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ، وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھايات - مامات پىتنىسىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىمەن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ.اللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! قەبرە ئازابىدىن ساڭا سىغىنىمەن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساڭا سىغىنىمەن، ھايات - مامات پىتنىسىدىن ساڭا سىغىنىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھ - مەسىيەتتىن، قەرزدارلىقتىن ساڭا سىغىنىمەن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّٰهُمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْمًا كَثِيرًا وَلاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ فَاغْفِرْ لِي مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ وَارْحَمْنِي إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ!

ھەقــقەتەن مەن ئــۆزۈمگە كــۆپ زۇلــۇم قىلــدىم، گۇنــاھلارنى ســەنلا مەغپىــرەت قىلىسەن، ئۆز يەزلىڭ بىلەن مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھــم قىلغىــن. ســەن ھەقــقەتەن ناھــايىتى مەغپىــرەت قىلغــۇچى ۋە كۆيۈنگۈچىســەن.» [بۇخــارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّهُمّ اغْفِرْ لِي مَا قَدّمْتُ، وَمَا أَخّــرْتُ، وَمَــا أَسْــرَرْتُ، وَمَــا أَعْلَنْــتُ، وَمَــا أَسْرَفْتُ، وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنّي. أَنْتَ الْمُقَدّمُ، وَأَنْــتَ الْمُــؤَخّرُ لاَ إِلَــهَ إلاّ أَنْــتَ»

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىن، مەخپىــي ۋە ئاشــكارا قىلغــان گۇنــاھلىرىمنى، ھەددىــن ئاشــقانلىقىمنى ۋە ســەن مەنــدىن ئوبــدان بىلىــدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سەن ئەزەلدىن بار بولغــان ۋە مەڭگــۈ قالىــدىغان زاتسەن، سېنىڭدىن ئۆزگە ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىــق مەئبــۇد بەرھەق يوقتــۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّٰهُمّ أعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ، وَشُكْرِكَ، وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنى زىكرى قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا گۈزەل قۇللۇق قىلىشىمغا ياردەم قىلغىن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايىتى].

«اللّٰهُمّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْبُخْلِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ أَنْ أُرَدَّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْقَبْرِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بېخىللىقتىن ساڭا سىغىنىمەن، قورقۇنچاقلىقتىن ساڭا سىغىنىمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ساڭا سىغىنىمەن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە قەبرە ئازابىدىن ساڭا سىغىنىمەن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

«اللّٰهُمّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ النَّارِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن سەندىن جەننەتنى سورايمەن، دوزاختىن ساڭا سىغىنىمەن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«اللّهُمّ بِعِلْمِكَ الْغَيْبَ وَقُدْرَتِكَ عَلَى الْخَلْقِ أَحْيِنِي مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْرًا لِي وَتَوَفَّنِي إِذَا عَلِمْتَ الْوَفَاةَ خَيْرًا لِي اللّهُمّ إِنّي أَسْأَلُكَ خَشْيَتَكَ فِي الْغَيْبِ وَالشّهَادَةِ، وَأَسْأَلُكَ كَلِمَةَ الْحَقّ فِي الرّضَا وَالْغَضَبِ، وَأَسْأَلُكَ الْقَصْدَ فِي الْغِنَى وَالْفَقْرِ، وَأَسْأَلُكَ نَعِيمًا لاَ يَنْفَدُ، وَأَسْأَلُكَ قُرّةَ عَيْنٍ لاَ تَنْقَطِعُ، وَأَسْأَلُكَ الرّضَاءَ بَعْدَ الْقَضَاءِ، وَأَسْأَلُكَ بَرْدَ الْعَيْشِ بَعْدَ الْمَوْتِ، وَأَسْأَلُكَ لَذّةَ النّظَرِ إِلَى وَجْهِكَ وَالشّوْقَ إِلَى لِقَائِكَ فِي غَيْرِ ضَرّاءَ مُضِرّةٍ وَلاَ فِتْنَةٍ مُضِلّةٍ اللّهُمّ زَيّنّا بِزِينَةِ الْإِيمَانِ وَاجْعَلْنَا هُدَاةً مُهْتَدِينَ»

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! غەيبنى ئىلمىڭ بىلەن، مەخلۇقلىرىڭ ئۈستىدىكى قۇدرىتىڭ بىلەن، مەن ئۈچۈن ھاياتلىقنى ياخشى، دەپ بىلسەڭ (مەن ئۈچۈن ھاياتلىق خەيرلىك بولغان بولسا)، مېنى ھايات قالدۇرغىن، ئەگەر مەن ئۈچۈن ئۆلۈمنى ياخشى، دەپ بىلسەڭ (مەن ئۈچۈن ئۆلۈم خەيرلىك بولغان بولسا)، مېنى ۋاپات قىلدۇرغىن. ئى ئاللاھ! مەن ئاشكارا - يوشۇرۇن ھالەتلەردە سەندىن قورقىدىغان بولۇشنى سورايمەن، مەمنۇنلۇق ۋە خاپىچىلىق ھالەتلىرىدىمۇ ھەق سۆزلەشنى سورايمەن، بايلىق ۋە نامراتلىق ھالەتلىرىدىمۇ سېنى كۆزلەشنى سورايمەن، تۈگىمەس نېمەت سورايمەن، تۈگىمەس خۇشاللىق سورايمەن،

ھۆكمىگە رازى بولىدىغان قىلىشىڭنى سورايمەن، ئۆلگەندىن كېيىن ياخشى ھايات ئاتا قىلىشىڭنى سورايمەن، ئازدۇرغۇچى پىتنىنىڭ ۋە زىيانكەشلىك قىلغۇچىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغان ھالدا گۈزەل جامالىڭغا قاراشقا مۇيەسسەر بولغان ھالدا ساڭا ئۇچرىشىشنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! بىزنى ئىمان زىننىتى بىلەن زىننەتلىگىن. بىزنى توغرا يولدا ماڭغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىلاردىن قىلغىن.»

[نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ يَا أَللَّهُ بِأَنَّكَ الْوَاحِدُ الْأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ أَنْ تَغْفِرَ لِي ذُنُوبِي إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن ھېچ تەڭدىشى بولمىغان، پەرزەنتىمۇ بولمىغان، ئاتا - ئانىسىمۇ بولمىغان، ھەممىنىڭ ئېھتىياجى چۈشىدىغان يەككە - يېگانە زاتتۇرسەن. ئى ئاللاھ! مەن سەندىن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمەن. شۈبھىسىزكى، سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە دائىمى مېھرىبانسەن.»

[نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

«اللّهُمّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنّ لَكَ الْحَمْدَ لاَ إِلَهَ إِلاّ أَنْتَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ، الْمَنّانُ، يَا بَدِيعَ السّموَاتِ وَالأَرْضِ يَا ذَا الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ، يَا حَيٌّ يَا قَيُّومُ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنّةَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ النّارِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن سەندىن جىمى ھەمدۇ سانانىڭ ساڭا خاسلىقىنى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقلۇقىنى، سېنىڭ يەككە - يېگانە، تەڭداشسىزلىقىڭنى، كۆپ ئىنئام قىلغۇچى ئىكەنلىكىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ (تىلەكلىرىمنى) سورايمەن. ئى كەرەملىك ئۇلۇغ ئاللاھ! ئى ئاسمان - زېمىننى نەمۇنىسىز ياراتقۇچى ئاللاھ! ئى ئەبەدى ھايات ئاللاھ! ئى ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن سەندىن جەننەتنى سورايمەن، دوزاختىن ساڭا سىغىنىمەن.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«اللّهُمّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي أَشْهَدُ أَنّكَ أَنْتَ اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاّ أَنْتَ الأَحَدُ الصّمَدُ الّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭلا ئاللاھ ئىكەنلىكىڭگە، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقلۇقىغا، ھېچبىر تەڭدىشى بولمىغان، پەرزەنتىمۇ بولمىغان، ئاتا - ئانىسىمۇ بولمىغان، ھەممىنىڭ

ئېھتىياجى ساڭا چۈشىدىغان يەككە ـ يېگانە زات ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىمنى شېپى كەلتۈرۈپ (تىلەكلىرىمنى) سورايمەن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## نامازدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«أَسْتَغْفَرَ الله ، اللّهُمّ أَنْتَ السّلاَمُ وَمِنْكَ السّلاَمُ تَبَارَكْتَ يَا ذَا الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ»

تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن. (ئۈچ قېتىم). ئى ئاللاھ! سەن تىنچلىق بەرگۈچىسەن، تىنچلىق زادى سېنىڭدىن. ئى ئۇلۇغ ۋە پەزلى ـ كەرەم ئىگىسى ئاللاھ! سېنىڭ بەرىكىتىڭ بۈيۈكتۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«لاَ إِلَه إلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، اللّهُمّ لاَ مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ» تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئى ئاللاھ، سەن بەرگەن نەرسىنى

چەكلىگــۈچى، ســەن چەكلىگەننــى بەرگــۈچى يوقتــۇر، ســېنىڭ دەرگاھىڭــدا ئابرويلۇقلارنىڭ ئابرويى ئەسقاتمايدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ، وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَـى كُـلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إِلاّ بِاللّـهِ، لاَ إِلَـهَ إِلاّ اللّـهُ، وَلا نَعْبُـدُ إِلاّ إِيّـاهُ، لَـهُ النِّعْمَةُ وَلَهُ الْفَضْلُ وَلَهُ الثّنَاءُ الْحَسَنُ، لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ» تەرجىمىســى: «ئــاللاھتىن باشــقا ھــېچ ئــىلاھ يوقتــۇر، ئــۇ يەكــكە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھــېچ شــېرىكى يوقتــۇر، پادىشــاھلىق ۋە جىمــى ھەمــدۇ ســانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز كۈچ - قۇدرەت يوقتۇر، بىــز پەقەت ئــاللاھقىلا ئىبــادەت قىلىمىــز، ئــۇ نــېمەت ۋە پەزلــى - كەرەم ئىگىسىدۇر، ئۇ شۇكۇرگە ۋە ئەڭ ئېسىل ھەمدۇ-سانالارغا لايىقتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. كــاپىرلار يامــان كــۆرگەن تەقــدىردىمۇ بىــز ئىبــادەتنى ئاللاھقــا خالىس قىلىپ، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىمىز.»

«سُبْحَانَ اللّهِ وَالْحَمْدُ لِلّهِ وَاللّهُ أَكْبَرُ (33 قېتىم) لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ پاكتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر. (33 قېتىم). ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ٢ لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ ٣ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدُۢ ٤﴾ تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە دائىمى مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ - ئاللاھ بىردۇر . ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ». [سۈرە ئىخلاس].

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ ١ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ٢ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ٣ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِي ٱلۡعُقَدِ ٤ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ ٥﴾ تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە دائىمى مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى

بىلەن باشلايمەن «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۆيەنىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ) قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن». [سۈرە پەلەق].

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ۝١ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ۝٢ إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ۝٣ مِن شَرِّ ٱلۡوَسۡوَاسِ ٱلۡخَنَّاسِ ۝٤ ٱلَّذِي يُوَسۡوِسُ فِي صُدُورِ ٱلنَّاسِ ۝٥ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ۝٦﴾ تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ) قا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن». [سۈرە ناس]. (ھەر نامازدىن كېيىن). [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى، تىرمىزى رىۋايىتى].

﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشۡفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ عِلۡمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ كُرۡسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفۡظُهُمَاۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ﴾ تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ(مۈلكى) دۇر، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (ئاللاھ قەدىمىنى قويىدىغان ئورۇن) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان - زېمىننى ساقلاش

ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۈقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر». [سۈرە بەقەر 255- ئايەت]. (ھەر نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ). [نەسائى رىۋايىتى].

«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» (بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن ئون قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ). [تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا، وَرِزْقًا طَيِّبًا، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن سەندىن مەنپەئەتلىك ئىلىم، پاك رىزىق، قوبۇل قىلىنىدىغان ئەمەلگە مۇيەسسەر قىلىشىڭنى سورايمەن.» (بامدات نامىزىنىڭ سالامىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ). [ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## ئىستىخارە نامىزى دۇئاسى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئىستىخارە قىلىشنى خۇددى قۇرئان سۈرىلىرىنى تەلىم بەرگەندەك تەلىم بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇپ، ئاندىن مۇنداق دېسۇن: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيرُكَ بِعِلْمِكَ، وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ، وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلاَ أَقْدِرُ، وَتَعْلَمُ وَلاَ أَعْلَمُ، وَأَنْتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ، اللَّهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هَذَا الأَمْرَ خَيْرٌ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي فَاقْدُرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ، وَإِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هَذَا الأَمْرَ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِيَ الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ أَرْضِنِي بِهِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ چەكسىز ئىلمىڭگە سىغىنىپ سېنىڭدىن ياخشىلىق سورايمەن، سېنىڭ قۇدرىتىڭغا سىغىنىپ سېنىڭدىن كۈچ - قۇۋۋەت تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. سەن ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن، مەن ئاجىزمەن. سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن. سەن پۈتۈن غەيبلەرنى بىلگۈچىسەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ بۇ ئىشىم

(ھاجىتىنى ئېيتىدۇ) مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلىچەكتە ياخشى بولىدىغان بولسا، ئۇنى ماڭا تەقدىر قىلغىن ۋە ماڭا ئۇنى ئاسان قىلغىن، ئاندىن ئۇنىڭدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئەگەر بۇ ئىشىم مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلىچەكتە زىيانلىق بولسا، ئۇنى مەندىن يىراق قىلغىن ۋە مېنىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، نەدىلا بولمىسۇن ماڭا ياخشىلىقنى نېسىپ قىلغىن. ئاندىن مېنى ئۇنىڭ بىلەن مەمنۇن قىلغىن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق سورىغان ۋە كىشىلەر بىلەن كېڭەشىپ ئىش كۆرگەن ئادەم كېيىنكى پۇشايماندىن خالى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَشَاوِرْهُمْ فِي ٱلْأَمْرِۖ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَوَكِّلِينَ﴾

تەرجىمىسى: «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن.» [سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەت].

## ئەتىگەن - ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر

**الحمد لله وحده، والصلاة والسلام على من لا نبي بعده...**

بارلىق ھەمدۇ-سانا يەككە - يېگانە ئالالاھقا خاستۇر، دۇرۇت ۋە سالام ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرگە بولسۇن.

اَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنَ الْشَيْطَانِ الْرَّجِيمِ ﴿ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْحَيُّ ٱلْقَيُّومُۚ لَا تَأْخُذُهُۥ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌۚ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشْفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذْنِهِۦۚ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفْظُهُمَاۚ وَهُوَ ٱلْعَلِيُّ ٱلْعَظِيمُ ﴿٢٥٥﴾﴾ تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن لەنەتكەردى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ(مۈلكى) دۇر، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن

ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (ئاللاھ قەدىمىنى قويىدىغان ئورۇن) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر». [سۈرە بەقەرە 255- ئايەت].

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ٢ لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ ٣ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدُۢ ٤﴾ تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە دائىمى مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ - ئاللاھ بىردۇر . ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ». [سۈرە ئىخلاس].

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ ١ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ٢ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ٣ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِي ٱلۡعُقَدِ ٤ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ

﴿٥﴾ تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە دائىمىي مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ) قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن». [سۈرە پەلەق].

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ١ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ٢ إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ٣ مِن شَرِّ ٱلۡوَسۡوَاسِ ٱلۡخَنَّاسِ ٤ ٱلَّذِي يُوَسۡوِسُ فِي صُدُورِ ٱلنَّاسِ ٥ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ٦﴾ تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ) قا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن». [سۈرە ناس]. [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىي، تىرمىزى رىۋايىتى]. (ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

«أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ لاَ إِلَهَ إلاّ اللّـهُ وَحْـدَهُ لاَ شَـرِيكَ لَـهُ، لَـهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هَذَا الْيَومِ وَخَيْرَ مَـا بَعْدَهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِي هَذَا الْيَومِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهُ، رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ وَسُوءِ الْكِبَرِ، رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابٍ فِي النَّارِ، وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ» تەرجىمىسى: «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى، بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. پەرۋەردىگارىم! بۈگۈن ۋە ئەتىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ بۈگۈن ۋە ئەتىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ، ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ دوزاختىكى ئازابتىن ۋە قەبرىدىكى ئازابتىن پاناھ تىلەيمەن.» [مۇسلىم رىۋايىتى]. دىققەت: (كەچ كىرگەندە "بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "بىز كەچلىدۇق" دېگەن سۆز ئالماشتۇرۇلىدۇ. ھەر قانداق زىكرىدە ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئالماشتۇرۇلىدۇ).

«اللَّهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا وَبِكَ أَمْسَيْنَا، وَبِكَ نَحْيَا وَبِكَ نمُوتُ، وَإِلَيْكَ النُّشُورُ»

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئەتىگەن تۇردۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، تىرىلىنىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر.» (كەچ تەرەپتە "كەچلىدۇق" دېگەن سۆز باشتا دېيىلىدۇ ھەم ئاخىرىدا "قايتىش سەن تەرەپكىدۇر" دېيىلىدۇ). [تىرمىزى رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ، وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ، وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن (پەيغەمبەرلىرىڭ تىلى ئارقىلىق مەندىن ئالغان) ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سىغىنىپ، ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن

ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئـى ئـاللاھ! گۇنـاھلىرىمنى مەغپىــرەت قىلغــن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھـېچكىم مەغپىــرەت قىلالمايـدۇ.» [بۇخــارى رىۋايىتى].

«اللّهُمَّ إِنِّي أَصْبَحْتُ أُشْهِدُكَ، وَأُشْهِدُ حَمَلَةَ عَرْشِكَ، وَمَلائِكَتَكَ، وَجَمِيـعَ خَلْقِكَ، أَنَّكَ أَنْتَ اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، وَحْدَكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ، وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْـدُكَ وَرَسُولُكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن سېنى ۋە سـېنىڭ ئەرشـىڭنى كۆتـۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرنى، جىمى پەرىشتىلىرىڭنى، بارلىق مەخلۇقاتلىرىڭنى، سېنىڭ بىــرلا ئـاللاھ ئىكەنلىكىڭــگە، ســەندىن باشــقا ھــېچ ئــىلاھ يوقلىقىغــا، يــالغۇز ئىكەنلىكىڭــگە ۋە شــېرىكىڭ يوقلىقىغــا، مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالامنىڭ ســېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ قىلغان ھالدا تاڭ ئـاتقۇزدۇم.» (تـۆت قېتىم ئوقۇلىدۇ). [ئەبـۇ داۋۇد ۋە بۇخــارى، نەســائى رىــۋايىتى]. دىقــقەت: (كەچ كىرگەندە "مەن تاڭ ئاتقۇزدۇم" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "مەن كەچلىدىم" دېــگەن سۆز ئالماشتۇرۇلىدۇ).

«اللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي مِنْ نِعْمَةٍ، أَوْ بِأَحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ فَمِنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم سېنىڭدىندۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، بارلىق ھەمدۇ-سانا ۋە شۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر. پەرۋەردىگارىم، سېنىڭ پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى ۋە شەئنىڭنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق جىمى ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اللَّهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بەدىنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ كۇپۇرلۇقتىن ۋە

پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.» (3 قېتىم ئوقۇلىدۇ). [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد، نەسائى ۋە بۇخارى رىۋايىتى].

«حَسْبِيَ اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.» (يەتتە قېتىم ئوقۇلىدۇ). [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«اللّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ. اللّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فِي دِينِي، وَدُنْيَايَ وَأَهْلِي، وَمَالِي، اللّهُمَّ اسْتُرْ عَوْرَاتِي، وَآمِنْ رَوْعَاتِي، اللّهُمَّ احْفَظْنِي مِنْ بَيْنِ يَدَيَّ، وَمِنْ خَلْفِي، وَعَنْ يَمِينِي، وَعَنْ شِمَالِي، وَمِنْ فَوْقِي، وَأَعُوذُ بِعَظِمَتِكَ أَنْ أُغْتَالَ مِنْ تَحْتِي» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سالامەتلىك تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن مەغپىرەت ۋە دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا، ئائىلەمدە، پۇل - مېلىمدا سالامەتچىلىك تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! ئەۋرەتلىرىمنى يۆگىگىن، قورقۇنچلىرىمنى

خاترجەملىككە ئايلاندۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستى تەرىپىمدىن قوغدىغىن. سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭغا سىغىنىپ ئاستى تەرىپىمدىن سۈيقەستكە ئۇچرىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَاطِرَ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّ كُلِّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ، أَشْهَدُ أَنْ لاَّ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي وَمِنْ شَرِّ الشَّيْطَانِ وَشِرْكِهِ، وَأَنْ أَقْتَرِفَ عَلَى نَفْسِي سُوءًا أَوْ أَجُرَّهُ إِلَى مُسْلِمٍ» تەرجىمىسى: «ئى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممىنى بىلگۈچى، ئاسمانلار - زېمىن ۋە ھەر شەيئىنىڭ ياراتقۇچىسى ھەم ئىگىسى ئاللاھ! سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. ساڭا سىغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلىشىمدىن ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىپ قىلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن.» [تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«بِسْمِ اللَّهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ» تەرجىمىسى: «نامى ئاتالغاندا ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ). [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«رَضِيتُ بِاللَّهِ رَبًّا وَبِالإِسْلَامِ دِينًا وَبِمُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيًّا» تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبىرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە، دىنىمنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇم.» (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ). [ئەھمەد ۋە نەسائى، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

«يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ» تەرجىمىسى:«ئى ئەبەدى ھاياتقا ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى ئاللاھ، ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن مېنى قۇتقۇزۇشۇڭنى تەلەپ قىلىمەن. مېنىڭ ھەممە

ئىشىمنى ياخشىلاپ بەرگىن ۋە مېنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتمۇ ئۆزۈمگە تاشلاپ قويمىغىن.» [ھاكىم رىۋايىتى].

«أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَ هَذَا الْيَوْمِ: فَتْحَهُ، وَنَصْرَهُ، وَنُورَهُ، وَبَرَكَتَهُ، وَهُدَاهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِيهِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهُ»

تەرجىمىسى: «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پادىشاھلىق ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاس بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى، ئى ئاللاھ! سەندىن بۈگۈننىڭ ياخشىلىقىنى، غەلبىسىنى، نۇسرىتىنى، نۇرىنى، بەرىكىتىنى، ھىدايىتىنى سورايمەن، بۇ كۈننىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يامانلىقلاردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«أَصْبَحْنَا عَلَى فِطْرَةِ الإِسْلَامِ، وَعَلَى كَلِمَةِ الإِخْلَاصِ، وَعَلَى دِينِ نَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَلَى مِلَّةِ أَبِينَا إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا مُسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ»

تەرجىمىسى: «بىز ئىسلام تەبىئىتى بىلەن، ئىخلاس كەلىمىسى بىلەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بىلەن، ھەق دىنغا ئېتىقاد

قىلغـــان، مۇســـۇلمان بولغـــان، مۇشـــرىكلەردىن بولمىغـــان ئـــاتىمىز ئىبـــراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

«سُبْحَانَ اللّهِ وَبِحَمْدِهِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن ئـۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.» (يۈز قېتىم). [مۇسلىم رىۋايىتى].

«لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيكَ لَهُ. لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ»

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئـىلاھ يوقتـۇر، ئـۇ يەككە - يېگانىـدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئـۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» (10 قېتىم، ھېچ بولمىغاندا بىر قېتىم). [نەسائى رىۋايىتى].

«لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيكَ لَهُ. لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ»

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئـىلاھ يوقتـۇر، ئـۇ يەككە - يېگانىـدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئـۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» (يۈز قېتىم).[بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«سُبْحَانَ اللّهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ وَرِضَا نَفْسِهِ وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ»

تەرجىمىسى: «ئاللاھنى مەخلۇقلىرىنىڭ سانى، ئۆزىنىڭ رازىلىقى، ئەرشىنىڭ ۋەزنى ۋە كەلىملىرىنىڭ سىياسى (رىڭى) مىقدارىچە ھەمدە ئېيتىش بىلەن بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.» (ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم) [مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا، وَرِزْقًا طَيِّبًا، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سەندىن مەنپەئەتلىك ئىلىم، پاك رىزق، قوبۇل قىلىنىدىغان ئەمەل سورايمەن.» (ئەتىگەن تەرەپتە ئوقۇلىدۇ). [ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«أَسْتَغْفِرُ اللّهَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن.» (كۈندە يۈز قېتىم). [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقلارنىڭ يامانلىقىدىن ئۇنىڭ ئۇلۇغ سۆزلىرىگە سىغىنىمەن.» (كەچتە ئۈچ قېتىم). [ئەھمەد ۋە نەسائى، ترمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«اللّهُمَّ صَلِّ وَسَلِّمْ عَلَى نَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەرھەمەت قىلغىن ۋە سالام يەتكۈزگىن.» (ئون قېتىم). [تەبەرانى رىۋايىتى].

## ئىخلاستىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە زىكىرلەر

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ٢ لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ ٣ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدُۢ ٤﴾ تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە دائىمى مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ - ئاللاھ بىردۇر . ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ». [سۈرە ئىخلاس].

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ ١ مِن شَرِّ مَا خَلَقَ ٢ وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ ٣ وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِي ٱلۡعُقَدِ ٤ وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ ٥﴾ تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە دائىمى مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ) قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن». [سۈرە پەلەق].

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ١ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ٢ إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ ٣ مِن شَرِّ ٱلۡوَسۡوَاسِ ٱلۡخَنَّاسِ ٤ ٱلَّذِي يُوَسۡوِسُ فِي صُدُورِ ٱلنَّاسِ ٥ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ٦﴾ تەرجىمىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ) قا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە

قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن». [سۇرە ناس].

«ئىككى ئالقىنىنى ئېچىپ جۈپلەپ تۇرۇپ، (سۇرە ئىخلاس)، (سۇرە فەلەق)، (سۇرە ناس) لارنى ئوقۇپ، ھۈرۈپ ئاندىن ئىككى قولى بىلەن بەدىنىنى قولى يەتكەن يېرىگىچە - بېشى، يۈزى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ سىيلايدۇ.» (بۇنى ئۈچ قېتىم قىلىدۇ). [بۇخارى رىۋايىتى].

﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشۡفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ عِلۡمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ كُرۡسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفۡظُهُمَاۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ﴾ تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن لەنەتكەردى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە

ئاللاھنىڭ(مۈلكى) دۇر، ئاللاھنىڭ رۇخستىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (ئاللاھ قەدىمىنى قويىدىغان ئورۇن) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان - زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر». [سۈرە بەقەر 255- ئايەت].

﴿ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ۝٢٨٥ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذۡنَآ إِن نَّسِينَآ أَوۡ أَخۡطَأۡنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تَحۡمِلۡ عَلَيۡنَآ إِصۡرٗا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلۡنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ

لَنَا وَٱرْحَمْنَآۚ أَنتَ مَوْلَىٰنَا فَٱنصُرْنَا عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٨٦﴾ تەرجىمىسى: «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار): «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ. ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابى ئۆزىگىدۇر، يامانلىقىنىڭ جازاسىمۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار): «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز!

كـۈچىمىز يەتمەيـدىغان نەرســنى بىــزگە ئـارتمىغىن، بىزنــى كەچـۈرگىن، بىــزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، دەيدۇ.» [سۈرە بەقەرە 285-286-ئايەتلەر].

«بِاسْمِكَ رَبِّي وَضَعْتُ جَنْبِـي وَبِـكَ أَرْفَعُـهُ فَـإِنْ أَمْسَـكْتَ نَفْسِـي فَارْحَمْهَـا وَإِنْ أَرْسَلْتَهَا فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهِ عِبَادَكَ الصَّالِحِينَ» تەرجىمىسى: «رەببىم، يېنىمنى ئىســمىڭنى زىكـرى قىلىــپ تـۇرۇپ قويـدۇم، ئىســمىڭنى زىكـرى قىلىـپ تـۇرۇپ كۆتىرىمەن. مېنى قەبزى روھ قىلساڭ، ئۇنىڭغـا رەھــم قىلغىــن، ئەگەر روھىمنــى قويــۇپ بېرىــدىغان (ھايــاتىمنى داۋاملاشــتۇرىدىغان) بولســاڭ، ئــۇنى ياخشــى بەندىلىرىڭنى مۇھاپىزەت قىلغىنىڭدەك مۇھاپىزەت قىلغىن.» [بۇخارى ۋە مۇســلىم رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ إِنَّكَ خَلَقْتَ نَفْسِي وَأَنْتَ تَوَفَّاهَا لَكَ مَمَاتُهَا وَمَحْيَاهَا إِنْ أَحْيَيْتَهَا فَاحْفَظْهَا، وَإِنْ أَمَتَّهَا فَاغْفِرْ لَهَا. اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْعَافِيَةَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! جېنىمنــى ســەن ياراتتىــڭ، ســەن ۋاپــات قىلدۇرىســەن، ئۇنىــڭ ھايــات - مامــاتلىقى ســەن

ئۆچۈندۇر. ئەگەر ئۇنى ھايات قويساڭ، ئۇنى ساقلىغىن، ئەگەر ۋاپات قىلدۇرساڭ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! سەندىن ھەقـقەتەن سالامەتلىكنى سورايمەن.» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى سەن بەندىلىرىڭنى تىرىلدۈرىدىغان كۈندىكى ئازاپتىن ساقلىغىن.» (ئـۈچ قېتىم) [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

«بِاسْمِكَ اللَّهُمَّ أَمُوتُ وَأَحْيَا» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە تىرىلىمەن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«سُبْحَانَ اللَّهِ (33 قېتىم)، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ (33 قېتىم)، وَاللَّهُ أَكْبَرُ (34 قېتىم)» تەرجىمىسى: «ئاللاھ (نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر.» (ھەر بىرى 33 قېتىمدىن، ئاخىرقىسى 34 قېتىم ئوقۇلىدۇ). [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ رَبَّ السَّمَاوَاتِ الْسَبْعِ، وَرَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، رَبَّنَا وَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ، فَالِقَ الْحَبِّ وَالنَّوَى، وَمُنْزِلَ التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ، وَالْفُرْقَانِ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ شَيْءٍ أَنْتَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهِ. اللَّهُمَّ أَنْتَ الأَوَّلُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْآخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الظَّاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ اقْضِ عَنَّا الدَّيْنَ وَأَغْنِنَا مِنَ الْفَقْرِ» تەرجىمىسى: «ئى يەتتە قات ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ۋە ھەممە شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، دان ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى ئاللاھ، سەن كونترولۇڭدا تۇتىدىغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ شەررىدىن ساڭا سىغىنىمەن. ئى ئاللاھ! سەن ھەممە شەيئىنىڭ ئەۋۋىلىسەن، سەندىن ئىلگىرى ھېچ بىر شەيئى مەۋجۇت بولغان ئەمەس. سەن ھەممىنىڭ ئاخىرىسەن، سەندىن كېيىن ھېچبىر شەيئى مەۋجۇت بولمايدۇ. سەن زاھىرسەن، ھېچ بىر شەيئى سېنى ئۈستۈڭدىن يوشۇرۇپ قالالمايدۇ، سەن باتىنسەن، ھېچ بىر شەيئى سېنىڭ زاتىڭنى ئۆز ماھىيىتى بىلەن تونۇپ يېتەلمەيدۇ، بىزدىن قەرزنى كۆتۈرۈۋەتكىن، بىزنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزغىن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«الْحَمْدُ لِلّهِ الّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا، وَكَفَانَا، وَآوَانَا، فَكَمْ مِمّنْ لاَ كَـافِيَ لَـهُ وَلاَ مُـؤْوِيَ» تەرجىمىسى: «بـارلىق ھەمـدۇ-سـانا بـىزگە تائـام بەرگەن، بىزنـى سۇغارغان، قانچىلىغان ئاچ-يالىڭاچ ۋە ئۆي-ماكانسىز كىشىلەر ئارىسـىدىن، بىـزگە ھاياتلىقىمىزدا كۇپايە قىلغان ۋە ياشىشىمىز ئۈچۈن ئۆي-ماكان ئاتا قىلغـان ئاللاھقـا خاستۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّهُمّ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشّهَادَةِ فَاطِرَ السّمَوَاتِ وَالأَرْضِ رَبّ كُلّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ أَنْتَ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرّ نَفْسِي، وَمِنْ شَرّ الشّيْطَانِ وَشِرْكِهِ وَأَنْ أَقْتَـرِفَ عَلَـى نَفْسِي سُـوءًا أَوْ أَجُـرّهُ إِلَـى مُسْلِمٍ» تەرجىمىسى: «ئـى يوشـۇرۇن ۋە ئاشـكارىنى بىلگــۈچى، ئاســمانلارنى ۋە زېمىنىنــى يــاراتقۇچى، ھەمــمە شــەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشـاھى ئـاللاھ! سـەندىن باشـقا ھـېچ ئـىلاھ يـوق، دەپ گۇۋاھلىــق بېــرىمەن. نەپســىمنىڭ يامانلىقــىدىن، شــەيتاننىڭ يامانلىقــىدىن، ئۇنىڭ شـېرىكچىلىكىدىن، ئـۆزۈمگە ۋە باشـقا مۇسـۇلمانلارغا زىيـان يەتكـۈزۈپ قويۇشتىن ساڭا سىغىنىمەن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

﴿ الٓمٓ ۝١ تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ﴾ [السجدة] ﴿ تَبَٰرَكَ ٱلَّذِي بِيَدِهِ ٱلۡمُلۡكُ﴾ [الملك].

سۈره سەجدە، سۈره تابارەكنى ئوقۇيدۇ. [تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايىتى].

«اللّهُمّ أَسْلَمْتُ نَفْسِي إِلَيْكَ، وَفَوّضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ، وَوَجّهْتُ وَجْهِي إِلَيْكَ، وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ، رَغْبَةً وَرَهْبَةً إِلَيْكَ، لاَ مَلْجَأَ وَلاَ مَنْجَا مِنْكَ إلاّ إِلَيْكَ، آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الّذِي أَنْزَلْتَ وَبِنَبِيّكَ الّذِي أَرْسَلْتَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! نەپسىمنى ساڭا بويسۇندۇردۇم، ئىشىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، يۈزۈمنى ساڭا يۈزلەندۈردۈم، رەھمىتىڭدىن ئۈمىد كۈتتۈم، ئازابىڭدىن قورقتۇم، ئازابىڭدىن پەقەت سەن تەرەپكە يۈزلەنگەندىلا ئاندىن نىجات تاپقىلى بولىدۇ، نازىل قىلغان كىتابىڭغا، ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭە ئىمان كەلتۈردۈم.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## كېچىسى ئۆرۈلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«لاَ إِلَهَ إلاّ اللّهُ الْوَاحِدُ الْقَهّارُ رَبُّ السّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا الْعَزِيْزُ الْغَفّارِ»

تەرجىمىسى: «قۇدرەتلىك بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ئاسمانلارنىڭ،

زېمىننىڭ ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، غالىپتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.» [ھاكىم ۋە نەسائى رىۋايىتى].

## چۆچۈپ ئويغانغاندا ۋە يالغۇز قالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّاتِ مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ، وَشَرِّ عِبَادِهِ، وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، ئازابىدىن، بەندىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا ھازىر بولۇشىدىن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرى بىلەن سىغىنىمەن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

## يامان چۈش كۆرگەندە قانداق قىلىش توغرىسىدا

«سول تەرىپىگە (ئۈچ قېتىم) تۈپلەيدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«شەيتاندىن ۋە كۆرگەن چۈشىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىدۇ.» (يەنى ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىم) دەيدۇ. (ئۈچ قېتىم). [مۇسلىم رىۋايىتى].

«چۈشنى ھېچكىمگە سۆزلەپ بەرمەيدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆرۈلىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«ئەگەر خالىسا ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## ۋىتىردا ئوقۇلىدىغان قۇنۇت دۇئاسى

«اللَّهُمَّ اهْدِنِي فِيمَنْ هَدَيْتَ، وَعَافِنِي فِيمَنْ عَافَيْتَ، وَتَوَلَّنِي فِيمَنْ تَوَلَّيْتَ، وَبَارِكْ لِي فِيمَا أَعْطَيْتَ، وَقِنِي شَرَّ مَا قَضَيْتَ، فَإِنَّكَ تَقْضِي وَلاَ يُقْضَى عَلَيْكَ، إِنَّهُ لاَ يَذِلُّ مَنْ وَالَيْتَ، [وَلاَ يَعِزُّ مَنْ عَادَيْتَ] ، تَبَارَكْتَ رَبَّنَا وَتَعَالَيْتَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى سەن ھىدايەت قىلغانلار قاتارىدا ھىدايەت قىلغىن، سەن ساغلاملىق بەرگەنلەر قاتارىدا ماڭىمۇ سالامەتلىك بەرگىن، مېنى سەن ھىمايە قىلغانلار قاتارىدا ھىمايە قىلغىن، بەرگەن نېمەتلىرىڭدە ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، سەن تەقدىر قىلغان ئىشلارنىڭ شەررىدىن مېنى ساقلىغىن. ھەقىقەتەن سەن مۇتلەق خاھىش ئېگىسىسەن. ساڭا شېرىك بولغۇچى يوقتۇر. سەن ئەزىز قىلغان كىشى خارلانمايدۇ، سەن خارلىغاننى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ. ئى پەرۋەردىگارىمىز، سەن يۈكسەك ۋە بەرىكەتلىكسەن.» [ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

«اللّهُمّ إِنِّي أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ، وَ بِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ، أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، غەزىپىڭدىن رازىلىقىڭغا، ئازابىڭدىن ساقلاپ قىلىشىڭنى سەندىن سورايمەن ۋە ساڭا سىغىنىمەن، مەن سېنى قانچىلىك مەدھىيىلىسەممۇ سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيىلىگەندەك مەدھىلىيەلمەيمەن.» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە، ئەھمەد رىۋايىتى].

«اللّهُمّ إِيَاكَ نَعْبُدُ، وَلَكَ نُصَلِّيْ وَنَسْجُدُ، وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ، نَرْجُو رَحْمَتَكَ، وَنَخْشَى عَذَابَكَ، إِنّ عَذَابَكَ بِالْكَافِرِيْنَ مُلْحِقِ. اللّهُمّ إِنّا نَسْتَعِيْنُكَ، وَنَسْتَغْفِرُكَ، وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخَيرَ، وَلاَ نَكْفُرُكَ، وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنَخْضَعُ لَكَ، وَنَخْلَعُ مَنْ يَكْفُرُكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىز ھەقىقەتەن ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەن ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز ۋە سەجدە قىلىمىز، ساڭىلا ئىنتىلىمىز ۋە تەلپۈنىمىز، رەھمىتىڭنى ئۈمىت قىلىمىز، ئازابىڭدىن قورقىمىز، شەكسىزكى، سېنىڭ ئازابىڭ كاپىرلارغا لايىقتۇر. ئى ئاللاھ! بىز سەندىن ياردەم سورايمىز، سەندىن كەچۈرۈم سورايمىز،

ساڭا ھەمدۇ- سانا ئېيتىمىز، ساڭا كۆپرىلىق قىلمايمىز، ساڭا ئىمان كەلتۈرىمىز، ساڭا بويسۇنىمىز، كىمكى ساڭا ئىنكار قىلىدىكەن ئۇنىڭ بىلەن ئادا - جۇدامىز.» [بەيھەقى رىۋايىتى].

## ۋىتىر نامىزىنىڭ سالامىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«سُبْحَانَ الْمَلِكِ الْقُدُّوسِ (ئۈچ قېتىم). وَالثَّالِثَةُ يَجْهَرُ بِهَا وَيَمُدُّ بِهَا صَوْتَهُ يَقُوْلُ: رَبُّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ» تەرجىمىسى: «مۇقەددەس پادىشاھ ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. (ئۈچ قېتىم ئېيتىدۇ) ئۈچىنچى قېتىمدا ئۈنلۈك ئاۋازدا: ئاللاھ پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىبرىئىلنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»، دەيدۇ.

## غەم ـ قايغۇغا قالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ ابْنُ عَبْدِكَ ابْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي، وَنُورَ صَدْرِي وَجِلاَءَ حُزْنِي وَذَهَابَ هَمِّي» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ

بەندەڭ، بەندەڭنىڭ ۋە قۇلىڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ قولىڭدىدۇر، سېنىڭ ھۆكمىڭ ماڭا ئۆتكۈچىدۇر، ھەققىمدە چىقارغان ھۆكمىڭ مۇتلەق ئادىلدۇر، سەن كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى مەخلۇقلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن، شۇنداقلا ئىلمى غەيبىڭ قاتارىدا ساقلاشنى ئىرادە قىلغان، قىسقىسى سەن ئۆزەڭنى ئاتىغان ۋە ساڭا مەنسۇپ بولغان بارلىق ئىسىملىرىڭ بىلەن، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى، دىلىمنىڭ نۇرى، غەم-قايغۇلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىپ بېرىشىڭنى سورايمەن.» [ئەھمەد رىۋايىتى].

«اللّهُمّ إِنّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمّ وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! غەم - قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىقتىن ۋە كىشىلەر ئالدىدىكى تىل قىسىنچىلىقتىن ساڭا سېغىنىمەن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

## مۇسىبەتكە يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«لاَ إِلَهَ إلاّ اللّهُ الْعَظِيمُ الْحلِيمُ، لاَ إِلَهَ إلاّ اللّهُ رَبُّ الْعَرْش الْعَظِيم، لاَ إِلَـهَ إلاّ اللّـهُ رَبُّ السّـمَاوَاتِ وَرَبُّ الأَرْضِ وَرَبُّ الْعَـرْشِ الْكَـرِيمِ» تەرجىمىسـى: «ئۇلـۇغ، مـۇلايىم (بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان) ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىـلاھ يوقتـۇر. ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا ھـېچ ئىـلاھ يوقتـۇر. ئاسـمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ۋە ئېسىل ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشـقا ھـېچ ئىـلاھ يوقتـۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّهُمّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو فَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ وَأَصْلِحْ لِي شَـأْنِي كُلّهُ، لاَ إِلَهَ إِلاّ أَنْتَ» تەرجىمىسى: «ئى ئـاللاھ! رەھمىتىڭنـى ئۈمىـت قىلىـمەن، مېنى كۆزنى يۇمـۇپ ئاچقىچىلىـك ۋاقىتمـۇ ئـۆزۈمگە تاشـلاپ قـويمىغىن، ھەمـمە ئىشىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتـۇر.» [ئەبـۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

«لاَ إِلَهَ إِلاّ أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنّي كُنْـتُ مِـنَ الظّـالِمِينَ» تەرجىمىسـى: «سـەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سېنى بارچە نۇقسانلاردىن پـاك دەپ ئېتىقـاد قىلىـمەن،

مەن ھەقىقەتەن (گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالدىم.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

«اللَّهُ اللَّهُ رَبِّي لاَ أُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم ئاللاھ، ساڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## دۈشمەن ياكى زوراۋان ھاكىم بىلەن ئۇچراشقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ إِنَّا نَجْعَلُكَ فِي نُحُورِهِمْ وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شُرُورِهِمْ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىز ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى ساڭا تاپشۇرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىمىز.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«اللّهُمّ أَنْتَ عَضُدِي، وَأَنْتَ نَصِيرِي، بِكَ أَجُولُ وَبِكَ أَصُولُ وَبِكَ أُقَاتِلُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ تايانچىمسەن، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن سەير قىلىمەن، سېنىڭ بىلەن كۈچ - قۇۋۋەت تاپىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

«حَسْبُنَا اللّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ بىزگە كۇپايە قىلىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ھىمايە قىلغۇچى-ھە!.» [بۇخارى رىۋايىتى].

## پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قورققان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

«اللّهُمَّ رَبَّ السَّمَوَاتِ السَّبْعِ، وَرَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، كُنْ لِي جَارًا مِنْ فُلاَنِ بْنِ فُلاَنٍ وَأَحْزَابِهِ مِنْ خَلاَئِقِكَ أَنْ يَفْرُطَ عَلَيَّ أَحَدٌ مِنْهُمْ أَوْ يُطْغِىَ، عَزَّ جَارُكَ، وَجَلَّ ثَنَاؤُكَ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ» تەرجىمىسى: «ئى يەتتە ئاسماننىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! سەن پالانچىنىڭ ئوغلى پالانىدىن، ئۇنىڭ مەخلۇقلىرىڭدىن بولغان ئىتتىپاقداشلىرىدىن، ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۇستۇمدىن غالىپ كېلىشىدىن ياكى ھەددىدىن ئېشىشىدىن ماڭا مەدەتكار بولغىن، سېنىڭ مەدەتكارلىقىڭ شەرەپلىكتۇر، ساڭا بولغان مەدھىلەر بۈيۈكتۇر، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.» [بۇخارى رىۋايىتى].

«اللّهُ أَكْبَرُ اللّهُ أَعَزُّ مِنْ خَلْقِهِ جَمِيْعاً، اللّهُ أَعَزُّ مِمّاَ أَخَافُ وَأَحْذَرُ، أَعُوذُ بِاللّهِ الّذِيْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ، الْمُمْسِكُ السَّمَاوَاتِ السَّبْعِ أَنْ يَقَعْنَ عَلَى الأَرْضِ إِلاَّ

بِإِذْنِهِ، مِنْ شَرِّ عَبْدِكَ فُلاَنٍ، وَجُنُودِهِ وَأَتْبَاعِهِ وَأَشْيَاعِهِ مِنَ الْجِنِّ وَالإِنْسِ، اللَّهُمَّ كُنْ لِي جَارًا مِنْ شَرِّهِمْ، جَلَّ ثَنَاؤُكَ وَعَزَّ جَارُكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ، وَلاَ إِلَهَ غَيْـرُكَ»

تەرجىمىسى: «ئاللاھ بۈيۈكتۇر! ئاللاھ بارچە مەخلۇقلىرىدىن غالىپتۇر، ئاللاھ مەن قورقىقان ۋە ئېھتىيات قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىپتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بولمىغان، يەتتە قات ئاسماننى ئۆزىنىڭ ئىزنىسىز زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىغۇچى ئاللاھ، سېنىڭ بەندەڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنس- جىنلاردىن بولغان لەشكەرلىرىنىڭ، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ، گورۇھلىرىنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىمەن. ئى ئاللاھ! سەن ئۇلارنىڭ يامانلىقىغا قارشى ماڭا مەدەتكار بولغىن، ساڭا بولغان مەدھىلەر بۈيۈكتۇر، سېنىڭ مەدەتكارلىقىڭ غالىپتۇر. ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ مۇبارەكتۇر، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.» (ئۈچ قېتىم).

[بۇخارى رىۋايىتى].

## دۈشمەنگە قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللّهُمّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ سَرِيعَ الْحِسَابِ اللّهُمّ اهْزِمِ الأَحْزَابَ اللّهُمّ اهْزِمْهُمْ وَزَلْزِلْهُمْ» تەرجىمىسى: «ئى كىتابنى نازىل قىلغۇچى، تېز ھېساب ئالغۇچى ئاللاھ، ئىتتىپاقداش دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلغىن. ئى ئاللاھ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغىن ۋە ئارىلىرىنى ئايرىۋەتكىن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## بىرەر قەۋمدىن قورققان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

«اللّهُمّ اكْفِنِيهِمْ بِمَا شِئْتَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن خالىغان نەرسە بىلەن مەن ئۈچۈن ئۇلارغا تېتىغىن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## ئىمانىغا شەك قىلغۇچى كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

«ئاللاھقا سىغىنىدۇ (يەنى ئەئۇزۇ بىللاھ) دەيدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«شەك قىلغان نەرسىدىن چەكلىنىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«آمَنْتُ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم، دەيدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇيدۇ: «هُوَ الأَوَّلُ، وَالآخِرُ، وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى، ئىنتىھاسى يوقتۇر، ئاللاھ ئاشكاردۇر (بارلىقىنىڭ دەلىللىرى بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكاردۇر)، مەخپىيدۇر (ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى ۋە ئۇ زاتنىڭ ماھىيىتىنى ئەقىل بىلەن تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.» (سۈرە ھەدىد 3-ئايەت) [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

## قەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ اكْفِنِي بِحَلاَلِكَ عَنْ حَرَامِكَ وَأَغْنِنِي بِفَضْلِكَ عَمَّنْ سِوَاكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى ھالال نەرسەڭ بىلەن ھارامدىن بىھاجەت قىلغىن، پەزلى - مەرھەمىتىڭ بىلەن مېنى ئۆزەڭنىڭ غەيرىدىن بىھاجەت قىلغىن.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ، وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! غەم - قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىقتىن، ۋە كىشىلەر ئالدىدىكى تىل قىسىنچىلىقتىن ساڭا سىغىنىمەن». [بۇخارى رىۋايىتى].

## ناماز ۋە قىرائەتتە ۋەسۋەسە چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» تەرجىمىسى: «لەنەتكەردى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىمەن» دەپ سول تەرىپىڭىزگە ئۈچ قېتىم تۈپلۈۋېتىڭ. [مۇسلىم رىۋايىتى].

## قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ لاَ سَهْلَ إلاَّ مَا جَعَلْتَهُ سَهْلاً وَأَنْتَ تَجْعَلُ الْحَزْنَ إِذَا شِئْتَ سَهْلاً»
تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن ئاسانلاشتۇرغاندىن باشقا ئاسانلىق يوق، ئەگەر سەن خالىساڭ قايغۇنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرىسەن.» [ئىبنى ھەببان رىۋايىتى].

## گۇناھ سادىر قىلغان كىشى نېمە دېيىشى ۋە نېمە قىلىشى كېرەك

«كىمىكى بىرەر گۇناھ سادىر قىلىپ سالغاندا كامىل تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ئاللاھقا ئىستىغپار ئېيتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

## شەيتان ۋە ئۇنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» تەرجىمىسى: «لەنەتكەردى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىمەن،» دېيىش.» [ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى].

«ئەزان ئېيتىش.» [مۇسلىم ۋە بۇخارى رىۋايىتى].

«زىكرى ئېيتىش ۋە قۇرئان ئوقۇش.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## ئۆزى رازى بولمايدىغان ئىشقا ياكى ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«قَدَرُ اللَّهِ وَمَا شَاءَ فَعَلَ» تەرجىمىسى: «بۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## پەرزەنتلىك بولغان ئادەمنى مۇبارەكلەش ۋە ئۇنىڭ جاۋابى

«بَارَكَ اللهُ لَـكَ فـِي المَوهُـوب لَـكَ، وَشَـكَرتَ الْوَاهِـبَ، وبَلَـغَ أَشُـدَّهُ، وَرُزِقْتَ بِرَّهُ. ويرد عليه المهنأ فيقول: بَارَكَ اللهُ لَكَ وَبَـارَكَ عَلَيـكَ، وَجَـزَاكَ اللهُ خَيرًا، وَرَزَقَكَ اللهُ مِثْلَـهُ، وَأَجْـزَلَ ثَوَابَـكَ» تەرجىمسـى: «پەرزەنتىڭـزگە ئاللاھ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، بۇ پەرزەنتنى ئاتـا قىلغۇچىغـا شـۈكۈر قىلغايسـىز، ئـۇ قۇرامىغا يەتكەي، سىز ئۇنىڭ ۋاپاسـىغا ئېرىشكەيسـىز.» تەبرىكلەنگـۈچى مۇنـداق جاۋاپ بېرىدۇ: «ئاللاھ سىزگە ۋە سىزگە تەۋە نەرسىلەرگە بەرىكەت ئاتـا قىلسـۇن، ئاللاھ سىزگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن، ئـاللاھ سـىزگىمۇ شـۇنداق پەرزەنـت ئاتـا قىلسۇن، سىزگە كۆپ ساۋاپ ئاتـا قىلسـۇن.» [ئىمـام نەۋەۋى "زىكـرىلەر" نـاملىق كىتابىدا بايان قىلغان].

## بالىلارنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام ھەســەن ۋە ھۈســەينگە مۇنــداق دۇئـا ئوقـۇپ قوياتتى: «أُعِيذُكُمَا بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ، وَمِنْ كُـلِّ عَـيْنٍ لاَمَّـةٍ»

تەرجىمىسى: «ئىككىڭلار ئۈچۈن، شەيتاننىڭ ھەرقانداق يامانلىقىدىن، (يىلان - چايانلارغا ئوخشاش) زىيانداشلارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بارلىق يامان كۆزدىن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ سۆزلىرى بىلەن سىغىنىمەن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

## كېسەل يوقلىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«لاَ بَأْسَ طَهُورٌ إِنْ شَاءَ اللَّهُ» تەرجىمىسى: «ھېچقىسى يوق، ئاللاھ خالىسا ساقىيىپ كېتىسىز.» [بۇخارى رىۋايىتى].

«أَسْأَلُ اللَّهَ الْعَظِيمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ أَنْ يَشْفِيَكَ» تەرجىمىسى: «بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ ئاللاھتىن سىزگە شىپالىق تىلەيمەن.» (يەتتە قېتىم). [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

## كېسەل يوقلاشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانغا قەدەر جەننەتنىڭ مېۋەزارلىقىدا ماڭىدۇ، ئۇ ئادەم ئولتۇرغاندا ئۇنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئورايدۇ. ئەگەر ئەتىگەن بولغان بولسا،

كەچكىچە، كەچ بولغان بولسا تاڭ ئاتقۇچە 70مىڭ پەرىشتە ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەيدۇ.» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە، ئەھمەد رىۋايىتى].

## ھاياتىدىن ئۈمىت ئۈزگەن كىسەل ئوقۇيدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَأَلْحِقْنِي بِالرَّفِيقِ الأَعْلَى» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ قاتارىغا قوشقىن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«جَعَلَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عِنْدَ مَوتِهِ يُدْخِلُ يَدَيْهِ فِي الْمَاءِ فَيَمْسَحُ بِهِمَا وَجْهَهُ وَيَقُولُ: لاَ إِلَهَ إلاَّ اللَّهُ إِنَّ لِلْمَوْتِ لَسَكَرَاتٍ» تەرجىمىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات قىلىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئىككى قولىنى سۇغا چىلاتقۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزىنى سىلاپ: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۆلۈمنىڭ ھەقىقەتەن سەكراتى باردۇر» دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى].

«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر،

ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ – قۇۋۋەت يوقتۇر.» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## سەكراتتىكى كىشىگە شاھادەتنى ئەسلىتىش

«كىمنىڭكى ئاخىرقى سۆزى "لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ" (يەنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق) دېگەن سۆز بولىدىكەن جەننەتكە كىرىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

## مۇسىبەتكە گىرىپتار بولغان كىشى قىلىدىغان دۇئا

««إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ» اللّهُمّ أُجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي وَأَخْلِفْ لِي خَيْرًا مِنْهَا»

تەرجىمىسى: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدادۇرمىز (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدۇرمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»، «ئى ئاللاھ! ماڭا كەلگەن بۇ مۇسىبەت ئۈچۈن ماڭا ئەجىر بەرگىن، ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىراقنى تولۇقلاپ بەرگىن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## مېيتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِفُلاَنٍ وَارْفَعْ دَرَجَتَهُ فِي الْمَهْدِيِّينَ وَاخْلُفْهُ فِي عَقِبِهِ فِي الْغَابِرِينَ وَاغْفِرْ لَنَا وَلَهُ يَا رَبَّ الْعَالَمِينَ وَافْسَحْ لَهُ فِي قَبْرِهِ وَنَوِّرْ لَهُ فِيهِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! پالانى ئۈچۈن (ئىسمىنى ئاتايدۇ) مەغپىرەت قىلغىن، ھىدايەت تاپقۇچىلار قاتارىدا ئۇنىڭمۇ دەرىجىسىنى كۆتۈرگىن، ئۇنىڭغا ئەۋلادلىرىنى ئىز باسار قىلىپ بەرگىن. ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! بىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭرى قىلغىن، قەبرىسىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرلۇق قىلغىن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## جىنازە نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ، وَعَافِهِ، وَاعْفُ عَنْهُ وَأَكْرِمْ نُزُلَهُ، وَوَسِّعْ مُدْخَلَهُ، وَاغْسِلْهُ بِالْمَاءِ وَالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ، وَنَقِّهِ مِنَ الْخَطَايَا كَمَا نَقَّيْتَ الثَّوْبَ الأَبْيَضَ مِنَ الدَّنَسِ، وَأَبْدِلْهُ دَارًا خَيْرًا مِنْ دَارِهِ وَأَهْلاً خَيْرًا مِنْ أَهْلِهِ وَزَوْجًا خَيْرًا مِنْ زَوْجِهِ، وَأَدْخِلْهُ الْجَنَّةَ، وَأَعِذْهُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَعَذَابِ النَّارِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت

قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئۇنى خاتىرجەم قىلغىن، ئەپۇ قىلغىن، ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى كۆركەم، كىرىش ئېغىزىنى كەڭ قىلغىن، ئۇنى سۇ، قار، مۆلدۈرلەر بىلەن يۇغىن، ئاق كىيىمنى كىردىن پاك قىلغاندەك ئۇنى خاتالىقلاردىن پاك قىلغىن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قورۇ - جايىدىن ياخشىراق قورۇ - جاي، ئائىلىسىدىن ياخشىراق ئائىلە، خوتۇنىدىن ياخشىراق خوتۇن بەرگىن، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، ئۇنىڭغا قەبرە ئازابى ۋە دوزاخ ئازابىدىن پاناھلىق بەرگىن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِحَيِّنَا وَمَيِّتِنَا وَشَاهِدِنَا وَغَائِبِنَا وَصَغِيرِنَا وَكَبِيرِنَا وَذَكَرِنَا وَأُنْثَانَا اللَّهُمَّ مَنْ أَحْيَيْتَهُ مِنَّا فَأَحْيِهِ عَلَى الإِسْلاَمِ وَمَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فَتَوَفَّهُ عَلَى الإِيمَانِ اللَّهُمَّ لاَ تَحْرِمْنَا أَجْرَهُ وَلاَ تُضِلَّنَا بَعْدَهُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ھاياتلىرىمىز ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلىرىمىزنى، بۇ يەردە بارلىرىمىز ۋە يوقلىرىمىزنى، كىچىكلىرىمىز ۋە چوڭلىرىمىزنى، ئەرلىرىمىز ۋە ئاياللىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزدىن كىمگىكى ھاياتلىق بەرسەڭ ئىسلام ھاياتلىقىنى بەرگىن، كىمنىكى ۋاپات قىلدۇرساڭ ئىمان بىلەن ۋاپات قىلدۇرغىن. ئى ئاللاھ! بىزنى

ئىماننىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، بىزنى ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلغىنىڭدىن كېيىن بىزنى ئازدۇرمىغىن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە نەسائى، تىرمىزى رىۋايىتى].

«اللّهُمَّ إِنَّ فُلاَنَ بْنَ فُلاَنٍ فِي ذِمَّتِكَ، وَحَبْلِ جِوَارِكَ، فَقِهِ مِنْ فِتْنَةِ الْقَبْرِ وَعَذَابِ النَّارِ، وَأَنْتَ أَهْلُ الْوَفَاءِ وَالْحَقِّ. فَاغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! پالانچىنىڭ ئوغلى پالانى سېنىڭ باش پاناھلىقىڭدىدۇر، سېنىڭ ھەمراھلىقىڭدىدۇر. ئۇنى قەبرە پىتنىسىدىن، دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. سەن ۋاپا ۋە ھەق ئەھلىدۇرسەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە دائىمى مېھرىبانسەن.» [ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«اللّهُمَّ عَبْدُكَ وَابْنُ أَمَتِكَ أَحْتَاجَ إِلَى رَحْمَتِكَ وَأَنْتَ غَنِيٌّ عَنْ عَذَابِهِ إِنْ كَانَ مُحْسِنًا فَزِدْ فِي حَسَنَاتِهِ وَإِنْ كَانَ مُسِيْئًا فَتَجَاوَزْ عَنْهُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇ سېنىڭ بەندەڭدۇر، سېنىڭ قۇلىڭنىڭ ئوغلىدۇر، ئۇ سېنىڭ رەھمىتىڭگە

موهتاجدۇر، سەن ئۇنىڭغا ئازاپ قىلىشتىن بىھاجەتسەن. ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش قىلغۇچى بولسا ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى زىيادە قىلىپ بەرگىن، ئەگەر ئۇ خاتالاشقۇچى بولسا گۇناھىدىن ئۆتۈۋەتكىن.» [ھاكىم رىۋايىتى].

## كىچىك بالىنىڭ جىنازە نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللّهُمّ أَعِذْهُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.» [ئىمام مالىك ۋە ئىبنى ئەبى شەيبە، بەيھەقى رىۋايىتى].

بۇ دۇئانى دېسە ياخشىراقتۇر: «اللّهُمّ اجْعَلْهُ فَرْطًا وَذَخْرًا لِوَالِدَيْهِ، وَشَفِيْعًا مُجَابًا. اللّهُمّ ثَقِّلْ بِهِ مَوَازِيْنَهُمَا وَأَعْظِمْ بِهِ أُجُورَهُمَا، وَأَلْحِقْهُ بِصَالِحِ الْمُؤْمِنِيْنَ وَاجْعَلْهُ فِي كَفَالَةِ إِبْرَاهِيْمَ، وَقْهُ بِرَحْمَتِكَ عَذَابَ الْجَحِيْمِ وَأَبْدِلْهُ دَارًا خَيْرًا مِنْ دَارِهِ وَأَهْلاً خَيْرًا مِنْ أَهْلِهِ، اللّهُمّ اغْفِرْ لِأَسْلاَفِنَا، وَ أَفْرَاطِنَا، وَمَنْ سَبَقَنَا بِالإِيْمَانِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان سوۋغات، زەخىرە (ساقلاپ قويۇلغان بايلىق)، دۇئاسى ئىجابەت قىلىنغان شاپائەتچى قىلىپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى زىيادە قىلىپ

بەرگىن، ئۇ ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىسىغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلغىن، ئۇنى مۆمىنلەر قاتارىغا قوشقىن، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپالىتىدە قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قورۇ ـ جايىدىن ياخشىراق قورۇ ـ جاي، ئائىلىسىدىن ياخشىراق ئائىلە بەرگىن. ئى ئاللاھ! ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن، بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن.» [ئىبنى قۇدامە رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ اجْعَلْهُ لَنَا فَرَطًا، وَسَلَفًا، وَأَجْرًا» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنى بىز ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان سوغات، ئالدىن يوللانغان ياخشى ئەمەل ۋە بىزگە تەييارلانغان ئەجرلەردىن قىلىپ بەرگىن.»

## تەسەللى ۋە تەزىيە دۇئاسى

«إِنَّ لِلَّهِ مَا أَخَذَ، وَلَهُ مَا أَعْطَى وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِأَجَلٍ مُسَمًّى... فَلْتَصْبِرْ وَلْتَحْتَسِبْ» تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ئالغىنىمۇ، بەرگىنىمۇ ئاللاھنىڭ

مۆلكىدۇر، ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۇئەييەن مۇددەتلىكتۇر. سەبرى قىلغىن، ئەجرى ئۈمىد قىلغىن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەگەر مۇنداق دېسە تېخىمۇ ياخشىدۇر: «أعْظَم اللهُ أجْرَكَ، وَأحْسن عَزَاءَكَ وَغفَرَ لِميِّتِكَ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ سىزگە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلسۇن، سىزگە ئەڭ گۈزەل سەبىر بەرسۇن، مېيىتىڭىزنى مەغپىرەت قىلسۇن.» [ئىمام نەۋەۋى رىۋايىتى].

## مېيىتنى قەبرىگە ئەكىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللَّهِ وَعَلَى سُنَّةِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بويىچە (قويىمەن).» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

## مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ اغْفِر لَهُ اللَّهُمَّ ثَبِّتْهُ» تەرجىمىسى:«ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنى (ھەق سۆز ئۈستىدە) مۇستەھكەم قىلغىن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايىتى].

## قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«السَّلَامُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الدِّيَارِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُسْلِمِينَ وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللَّهُ بِكُمْ لَاحِقُونَ وَيَرْحَمُ اللَّهُ الْمُسْتَقْدِمِيْنَ مِنَّا وَالْمُسْتَأْخِرِينَ، أَسْأَلُ اللَّهَ لَنَا وَلَكُمُ الْعَافِيَةَ»

تەرجىمىسى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆمىن - مۇسۇلمانلار قەبرىستان ئەھلى، ھەقىقەتەن بىزمۇ ئىنشائاللاھ سىلەرگە قوشۇلىمىز، بىزدىن بۇ يەرگە كېلىپ بولغانلارغىمۇ، كېلىدىغانلارغىمۇ ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئاللاھتىن بىز ۋە سىلەر ئۈچۈن تىنچ - ئامانلىق تىلەيمەن.» [مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## شامال چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن سېنىڭدىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىمەن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا، وَخَيْرَ مَا فِيهَا، وَخَيْرَ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا، وَشَرِّ مَا فِيهَا، وَشَرِّ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن

مەن سېنىڭدىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇنىڭدىكى ياخشىلىقنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ياخشىلىقنى سورايمەن. ئۇنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇنىڭدىكى يامانلىقتىن ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن يامانلىقتىن ساڭا سىغىنىمەن.» [مۇسلىم ۋە بۇخارى رىۋايىتى].

## هاۋا گۈلدۈرلىگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«سُبْحَانَ الَّذِي يُسَبِّحُ الرَّعْدُ بِحَمْدِهِ وَالْمَلَائِكَةُ مِنْ خِيفَتِهِ» تەرجىمىسى: «گۈلدۈرماما ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ ھەمدۇ-سانا ۋە تەسبىھ ئېيتىدىغان زاتنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.» [ئىمام مالىك رىۋايىتى].

## يامغۇر تەلەپ قىلىش دۇئاسى

«اللَّهُمَّ اسْقِنَا غَيْثًا مُغِيثًا مَرِيئًا مَرِيعًا، نَافِعًا غَيْرَ ضَارٍّ، عَاجِلاً غَيْرَ آجِلٍ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزنى سىڭىشلىك، مول مەنپەئەتلىك، زىيان يەتكۈزمەيدىغان يامغۇر بىلەن كېچىكتۈرمەستىن سۇغارغىن.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ أَغِثْنَا، اللَّهُمَّ أَغِثْنَا، اللَّهُمَّ أَغِثْنَا» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ اسْقِ عِبَادَكَ، وَبَهَائِمَكَ، وَانْشُرْ رَحْمَتَكَ وَأَحْيِ بَلَدَكَ الْمَيِّتَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بەندىلىرىڭنى، ھايۋانلىرىڭنى سۇغارغىن، رەھمىتىڭنى يايغىن، ئۆلۈك زېمىنىڭنى تىرىلدۈرگىن.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

## يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ صَيِّبًا نَافِعًا» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەنپەئەتلىك يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

## يامغۇر يېغىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«مُطِرْنَا بِفَضْلِ اللَّهِ وَرَحْمَتِهِ» تەرجىمىسى: «بۇ يامغۇر بىزگە ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن ياغدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## يامغۇر ئاپەتدىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىش دۇئاسى

«اللَّهُمَّ حَوَالَيْنَا وَلاَ عَلَيْنَا اللَّهُمَّ عَلَى الآكَامِ وَالظِّرَابِ، وَبُطُونِ الأَوْدِيَـةِ، وَمَنَابِـتِ الشَّجَرِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئەمەس ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن. ئى ئاللاھ! دۆڭلەرگە، جىلغىلارغا، ئورمانلىقلارغا ياغدۇرغىن». [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## ھىلال ئاينى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللّهُ أَكْبَرُ، اللّهُمَّ أَهِلَّهُ عَلَيْنَا بِالأَمْنِ، وَالإِيمَانِ وَالسَّلاَمَةِ، وَالإِسْلاَمِ، وَالتَّوْفِيقِ لِمَا تُحِبُّ رَبَّنَا وَتَرْضَى، رَبُّنَا وَرَبُّكَ اللّهُ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ بۈيۈكتۇر. ئى ئاللاھ! ئۇ ئاينى بىزگە تىنچ - ئامانلىق بىلەن، خاتىرجەملىك بىلەن، ئىمان - ئىسلام بىلەن، سەن ياخشى كۆرىدىغان، رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغىن. بىزنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىڭ ئاللاھتۇر.» [تىرمىزى ۋە دارىمى رىۋايىتى].

## ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«ذَهَـبَ الظَّمَـأُ، وَابْتَلَّـتِ الْعُـرُوقُ، وَثَبَـتَ الأَجْـرُ إِنْ شَـاءَ اللَّـهُ» تەرجىمىسى:

«ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار ھۆللەندى، ئاللاھ خالىسا ئەجرىمۇ ھاسىل بولدى.»

[ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِرَحْمَتِكَ الَّتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ أَنْ تَغْفِـرَ لِـي» تەرجىمىسى:

«ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن سېنىڭدىن ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھمىتىڭ بىلەن مېنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمەن.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## تائامدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار تائام يېمەكچى بولسا بِسْمِ اللَّهِ "بىسمىللاھ" دېسۇن، ئەگەر باشتا ئۇنتۇپ قالغان بولسا ئېسىگە كەلگەندە: بِسْـمِ اللَّـهِ فِـي أَوَّلِـهِ وَآخِـرِهِ "بىسمىللاھ فى ئەۋۋەلىھى ۋە ئاخىرىھى" دېسۇن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

ئـاللاھ تائـام بەرگەن كـشـى: «اللَّهُـمَّ بَـارِكْ لَنَـا فِيـهِ وَأَطْعِمْنَـا خَيْـرًا مِنْـهُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭدا بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، بىزگە ئۇنىڭـدىنمۇ ياخشى تائام بەرگىن»، دېيسۇن. ئاللاھ سۈت بىلەن سۇغارغان كىشى: «اللَّهُمَّ بَـارِكْ لَنَا فِيهِ وَزِدْنَا مِنْهُ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭدا بىزگە بەرىكەت ئاتـا قىلغىـن ۋە ئۇنىڭدىن بىزگە تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بەرگىن»، دېيسۇن. [تىرمىزى رىۋايىتى].

## غىزالانغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«الْحَمْدُ لِلَّـهِ الَّـذِي أَطْعَمَنِـي هَـذَا، وَرَزَقَنِيـهِ مِـنْ غَيْـرِ حَـوْلٍ مِنِّـي وَلاَ قُـوَّةٍ» تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ-سانا مېنىڭ چارە - تەدبىر ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمىـسىز، ماڭـا بـۇ تائـامنى رىـزىق قىلـىپ بەرگەن ئاللاھقـا خاسـتۇر.» [ئەبـۇداۋۇد سـۈنەن رىۋايىتى].

«الحَمْدُ لِلَّهِ حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ غَيْرَ [مَكْفِيٍّ وَلاَ] مُـوَدَّعٍ، وَلاَ مُسْـتَغْنًى عَنْـهُ رَبَّنَـا» تەرجىمىسـى: «ئـى رەببىمىـز! تـۈگىمەس ۋە بىـز كۈپايىلەنگـىدەك

نېمەتلەرنى بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، پاك ۋە مۇبارەك، توختاۋسىز ھەمدۇ-سانالار ساڭا بولسۇن» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## مېھماننىڭ ساھىبخانىغا قىلىدىغان دۇئاسى

«اللَّهُمَّ بَارِكْ لَهُمْ فِيمَا رَزَقْتَهُمْ، وَاغْفِرْ لَهُمْ وَارْحَمْهُمْ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن ئۇلارغا ئاتا قىلغان رىزقنى بەرىكەتلىك قىلىپ بەرگىن، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارغا رەھىم قىلغىن.» [بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

## يېمەك-ئىچمەك تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ أَطْعِمْ مَنْ أَطْعَمَنِي، وَاسْقِ مَنْ سَقَانِي» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ماڭا تائام بەرگەن كىشىنى غىزالاندۇرغىن، ماڭا ئۇسسۇزلۇق بەرگەن كىشىنى سۇغارغىن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## باشقىلارنىڭكىدە ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«أَفْطَرَ عِنْدَكُمُ الصَّائِمُونَ، وَأَكَلَ طَعَامَكُمُ الأَبْرَارُ، وَصَلَّتْ عَلَيْكُمُ الْمَلاَئِكَةُ»

تەرجىمىسى: «سىلەرنىڭكىدە روزىدارلار ئىپتار قىلدى، تائاملىرىڭلارنى ياخشىلار يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت تەلەپ قىلدى.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە، نەسائى رىۋايىتى].

## نەپلە روزا تۇتقۇچىنىڭ مېھمانغا تەكلىپ قىلىنىشى توغرىسىدا

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېھمانغا چاقىرىلسا بارسۇن، ئەگەر روزىدار بولسا دۇئا قىلىپ قويسۇن، ئەگەر روزىدار بولمىسا تائام يېسۇن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## روزىدارغا بىرەرسى ئازار بەرگەندە نېمە دېيىشى توغرىسىدا

«ھەقىقەتەن مەن روزىدارمەن، ھەقىقەتەن مەن روزىدارمەن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## مېۋىنىڭ دەسلەپكى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِي ثَمَرِنَا، وَبَارِكْ لَنَا فِي مَدِينَتِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا، وبَارِكْ لَنَا فِي مُدِّنَا» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېۋىلىرىمىزدە بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، شەھىرىمىزدە بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، جىڭ-تارازىلىرىمىزدا بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن،.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## چۈشكۈرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرسە: الحمد لله (ئەلھەمدۇ لىللاھ) دېسۇن، بۇنى ئاڭلىغان ھەمراھى: يرحمك الله (يەرھەمۇكەللاھ) دېسۇن، چۈشكۈرگۈچى: يهديكم الله و يصلح بالكم (يەھدىكۇمۇللاھ، ۋە يۇسلىھۇ بالەكۇم) دېسۇن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

## كاپىر چۈشكۈرۈپ "ئەلھەمدۇ لىللاھ" دېسە، نېمە دېيىش توغرىسىدا

«يَهْدِيكُمُ اللَّهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ» تەرجىمىسى: (يەھدىكۇمۇللاھ، ۋە يۇسلىھۇ بالەكۇم) دېسۇن. (يەنى ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، ھالىڭلارنى ئىسلاھ قىلسۇن). [تىرمىزى ۋە ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

## نىكاھلانغۇچىغا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«بَارَكَ اللّٰهُ لَكَ، وَبَارَكَ عَلَيْكَ، وَجَمَعَ بَيْنَكُمَا فِي خَيْرٍ» تەرجىمىسى: «سىز ۋە سىزگە تەۋە نەرسىلەرگە ئاللاھ بەرىكەت بەرسۇن، ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلىق ئىچىدە جەم قىلسۇن.» [ئەسھابۇل سۈنەن رىۋايىتى].

## نىكاھلانغۇچى ۋە ئۇلاغ سېتىۋالغۇچى ئوقۇيدىغان دۇئا

«اللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا وَشَرِّ مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن سېنىڭدىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى، سەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن خۇسۇسىيىتىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. ئۇنىڭ يامانلىقىدىن، سەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن خۇسۇسىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىمەن. ئەگەر تۆگە سېتىۋالغان بولسا لوكىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، يۇقىرىنى دېسۇن.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## ئايالى بىلەن بىرگە بولۇش ئالدىدا ئوقۇيدىغان دۇئا

«بِاسْمِ اللَّهِ. اللَّهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيْطَانَ، وَجَنِّبِ الشَّيْطَانَ مَا رَزَقْتَنَا» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن). ئى ئاللاھ! بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن. بىزگە رىزق قىلىپ بەرگەن پەرزەنتتىنمۇ شەيتاننى يىراق قىلغىن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## ئاچچىقى كەلگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» تەرجىمىسى: «قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

## مۇسىبەتكە گىرىپتار بولغۇچىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي عَافَانِي مِمَّا ابْتَلَاكَ بِهِ وَفَضَّلَنِي عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقَ تَفْضِيلاً» تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ-سانا سېنى گىرىپتار قىلغان نەرسىدىن مېنى ئامان قىلغان ۋە مېنى نۇرغۇن مەخلۇقلىرىدىن ئۈستۈن قىلغان ئاللاھقا خاستۇر.» [تىرمىزى رىۋايىتى.]

## ئولتۇراشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سورۇندىن قوپۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى يۈز قېتىم: «رَبِّ اغْفِرْ لِي وَتُبْ عَلَيَّ إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الْغَفُورُ» تەرجىمىسى: «ئى رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن. ھەقىقەتەن سەن تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن» دەيتتى. [تىرمىزى رىۋايىتى ۋە ئىبنى ماجە].

## سورۇننىڭ كاپپارىتى

«سُبْحَانَكَ اللّهُمّ وَبِحَمْدِكَ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش بىلەن بىرگە سېنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن، گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن.» [ئەسھابۇل سۇنەن رىۋايىتى].

## ياخشىلىق قىلغان كىشىگە دېيىلىدىغان دۇئا

«جَزَاكَ اللَّهُ خَيْرًا» تەرجىمىسى: «ئاللاھ سىزگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

## دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا

«كىمكى سۈرە كەھفنىڭ ئاۋۋالقى ئون ئايىتىنى يادىلىسا دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ». ھەر نامازنىڭ ئاخىرقى تەشەھھۇدتىدا دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ دۇئا قىلىش. [مۇسلىم رىۋايىتى].

## "مەن سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن" دېگۈچىگە دېيىلىدىغان دۇئا

«أَحَبَّكَ الَّذِي أَحْبَبْتَنِي لَهُ» تەرجىمىسى: «سەن مېنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن بولساڭ، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرسۇن.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

## ئىقتىسادى ياردەم بەرمەكچى بولغان كىشىگە دېيىلىدىغان دۇئا

«بَارَكَ اللَّهُ لَكَ فِي أَهْلِكَ وَمَالِكَ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ ئائىلىڭىزگە ۋە مېلىڭىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

## قەرزنى قايتۇرغاندا دېيىلىدىغان دۇئا

«بَارَكَ اللَّهُ لَكَ فِي أَهْلِكَ وَمَالِكَ. إِنَّمَا جَزَاءُ السَّلَفِ الْحَمْدُ وَالأَدَاءُ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ ئائىلىڭىزگە ۋە مېلىڭىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن. ھەقىقەتەن قەرز بەرگەننىڭ مۇكاپاتى قەرزنى قايتۇرۇش ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتۇر.» [نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئاسى

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أُشْرِكَ بِكَ وَأَنَا أَعْلَمُ، وَأَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لاَ أَعْلَمُ»

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىلىپ-بىلمەي ساڭا شېرىك كەلتۈرۈپ سىلىشتىن ساڭا سىغىنىمەن ۋە بىلمەي سادىر قىلىپ قويغان گۇناھلىرىم ئۈچۈن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

## "ئاللاھ سىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن" دېگۈچىگە دېيىلىدىغان دۇئا

«وَفِيْكَ بَارَكَ اللهُ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ سىزگىمۇ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن.» [ئىبنى سۇننى رىۋايىتى].

## شۇم پال ئىلىشنى يامان كۆرۈش توغرىسىدا

«اللَّهُمَّ لاَ خَيْرَ إلاَّ خَيْرُكَ وَلاَ طَيْرَ إلاَّ طَيْرُكَ وَلاَ إِلَهَ غَيْـرُكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن تەقدىر قىلغان شۇملۇقتىن باشقا شۇملۇق يوقتۇر، سېنىڭ ياخشىلىقىڭدىن باشقا ياخشىلىق يوقتۇر، سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر.»

## ئۇلاغ ۋە قاتناش ۋاستىلىرىدا ئولتۇرغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللَّهِ، الْحَمْدُ لِلَّـهِ، «**سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُونَ**» الْحَمْدُ لِلَّهِ، الْحَمْدُ لِلَّهِ، الْحَمْدُ لِلَّهِ، اللَّهُ أَكْبَرُ، اللَّهُ أَكْبَرُ، اللَّهُ أَكْبَرُ، سُبْحَانَكَ اللَّهُـمَّ إِنِّـي ظَلَمْـتُ نَفْسِـي فَـاغْفِرْ لِـي، فَإِنَّـهُ لاَ يَغْفِـرُ الـذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْـتَ» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)، جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر. (بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز). (سۈرە زۇخرۇف 14- ئايەت). جىمى ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر، جىمى-ھەمدۇ

سانا ئاللاھقا خاستۇر، جىمى-ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر. ئى ئاللاھ! سېنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن. چۈنكى سەندىن باشقا ھېچكىم گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلالمايدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

## سەپەر دۇئاسى

«اللّهُ أَكْبَرُ، اللّهُ أَكْبَرُ، اللّهُ أَكْبَرُ، «سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُونَ» اللّهُمَّ إِنّا نَسْأَلُكَ فِي سَفَرِنَا هَذَا الْبِرَّ وَالتَّقْوَى، وَمِنَ الْعَمَلِ مَا تَرْضَى، اللّهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هَذَا وَاطْوِ عَنّا بُعْدَهُ، اللّهُمَّ أَنْتَ الصّاحِبُ فِي السَّفَرِ، وَالْخَلِيفَةُ فِي الأَهْلِ، اللّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السَّفَرِ، وَكَآبَةِ الْمَنْظَرِ وَسُوءِ الْمُنْقَلَبِ فِي الْمَالِ وَالأَهْلِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر. (بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز).

ئــى ئــاللاھ! ھەقــقەتەن بىــز ســېنىڭدىن بــۇ ســەپەرىمىزدە ياخشــىلىق ۋە تەقۋادارلىقنى، سەن رازى بولــدىغان ئەمەلنــى ســورايمىز. ئــى ئــاللاھ! بىــزگە بــۇ سەپىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن ۋە يــولىمىزنى يېقىنلاشــتۇرۇپ بەرگــىن. ئــى ئاللاھ! سەن سەپەردە ھەمراھ، بــالا-چــاقىلىرىمىزنى ھىمــايە قىلغۇچىســەن. ئــى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ سەپەرنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىدىن، چۇشــكۈنلۈك ۋە غەم - قايغۇدىن، پۇل-مــال ۋە ئــائىلە ئەزالىرىمىزنىــڭ يامــان ئــاقىۋەتكە قىلىشــىدىن پانــاھ تىلەيمەن.» سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىمۇ يۇقىرىقى دۇئانى قىلىــدۇ ۋە: «آيِبُــونَ، تَائِبُونَ، عَابِدُونَ، لِرَبِّنَا حَامِدُونَ» تەرجىمىسى: «ئاللاھقــا قايتقــان، گۇناھلىرىمىزغــا تەۋبە قىلغان، پەرۋەردىگارىمىزغا ئىبادەت قىلغــان ۋە ئــۇنى مەدھىــيىلىگەن ھالــدا قايتتۇق» دېگەننى قوشۇپ ئوقۇيدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى].

## بىرەر شەھەرگە كىرىشتە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اللّهُمّ رَبّ السّمَوَاتِ السّبْعِ وَمَا أَظْلَلْنَ، وربّ الأَرَضِينَ السّــبْعِ وَمَــا أَقْلَلْــنَ، وَرَبّ الشّيَاطِينِ وَمَا أَضْلَلْنَ وَرَبّ الرّيَاحِ وَمَا ذَرِيْنَ أسأَلُكَ خَيْرَ هَذِهِ الْقَرْيَةِ وَخَيْرَ أَهْلِهَا، وَخَيْــرَ

مَا فِيْهَا، وَأَعُوذ بِكَ مِنْ شِرِّهَا، وَشَرِّ أَهْلِهَا، وَشَرِّ مَا فِيْهَا» تەرجىمىسى: «ئى يەتتە قات ئاسمان ۋە ئۇلار سايە تاشلاپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، يەتتە قات زېمىن ۋە ئۇلار كۆتۈرۈپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، شەيتانلار ۋە ئۇلار ئازدۇرغان نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، شاماللار ۋە ئۇلار ئۇچۇرغان نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! سېنىڭدىن بۇ يۇرتنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. ئۇنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىمەن.» [ھاكىم ۋە نەسائى رىۋايىتى].

## بازارغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ حَيٌّ لاَ يَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، چەكسىز سەلتەنەت ۋە ھەمدۇ-سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ تىرىلدۇرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئۇ ھاياتتۇر ۋە

ھەرگىزمۇ ئۆلمەيدۇ، ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدىدۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»
[تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ھاكىم رىۋايىتى].

## ئۇلاغ مۇدۇرۇپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللَّهِ» تەرجىمىسى: «بىسمىللاھ.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

## مۇساپىرنىڭ مۇقىمغا قىلىدىغان دۇئاسى

«أَسْتَوْدِعُكُمُ اللَّهَ الَّذِي لاَ تَضِيعُ وَدَائِعُهُ» تەرجىمىسى: «سىلەرنى ئامانەتلەرنى زايا قىلمايدىغان ئاللاھقا تاپشۇردۇم.» [ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

## مۇقىمنىڭ مۇساپىرغا قىلىدىغان دۇئاسى

«أَسْتَوْدِعُ اللَّهَ دِينَكَ، وَأَمَانَتَكَ، وَخَوَاتِيمَ عَمَلِكَ» تەرجىمىسى: «دىنىڭىزنى، ئامانىتىڭىزنى ۋە ئەمەللىرىڭىزنىڭ تۈگەنجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم.» [ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

«زَوَّدَكَ اللَّهُ التَّقْوَى، وَغَفَرَ ذَنْبَكَ، وَيَسَّرَ لَكَ الْخَيْرَ حَيْثُمَا كُنْتَ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ سىزگە تەقۋادارلىقنى ئۇزۇق قىلىپ بەرسۇن، گۇناھىڭىزنى مەغپىرەت

قىلسۇن ۋە قەيەردە بولسىڭىز سىزگە ياخشىلىقنى مۇيەسسەر قىلىپ بەرسۇن.»
[تىرمىزى رىۋايىتى].

## سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان تەكبىر - تەسبىھلەر

«جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز سەپەردە ئېگىزگە چىققاق تەكبىر، پەسكە چۈشسەك تەسبىھ ئېيتاتتۇق.»
[بۇخارى رىۋايىتى].

## مۇساپىرنىڭ تاڭ ئاتقاندا ئوقۇيدىغان دۇئاسى

«سَمِعَ سَامِعٌ بِحَمْدِ اللّهِ، وَحُسْنِ بَلاَئِهِ عَلَيْنَا. رَبَّنَا صَاحِبْنَا وَأَفْضِلْ عَلَيْنَا عَائِذًا بِاللّهِ مِنَ النَّارِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە، گۈزەل ئېھسانلىرىغا بىنائەن ئېيتقان ھەمدىلىرىمىزنى بىر ئاڭلىغۇچى ئاڭلىدى. ئى رەببىمىز! بىزگە ئىگە بولغىن ۋە مەرھەمەت قىلغىن، ساڭا سىغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمىز.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## بىرەر ئورۇنغا چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

«أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقلارنىڭ يامانلىقىدىن ئۇنىڭ ئۇلۇغ سۆزلىرىگە سىغىنىمەن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## سەپەردىن قايتقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ، وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، آيِبُونَ، تَائِبُونَ، عَابِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ، صَدَقَ اللَّهُ وَعْدَهُ، وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الأَحْزَابَ وَحْدَهُ» تەرجىمىسى: ھەر قانداق ئېگىز جايدا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. بىز قايتقۇچىلارمىز، تەۋبە قىلغۇچىلارمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز، بىز پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدە ئېيتقۇچىلارمىز، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گە ياردەم بەردى، ئىتتىپاقداش دۈشمەنلەرنى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى،» دەيدۇ. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## خۇش-خەۋەر ياكى شۇم-خەۋەر يەتكەن كىشىنىڭ نېمە دېيىشى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خۇش-خەۋەر يەتسە: «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ» تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ-سانا ئۆز نېمىتى بىلەن ياخشىلىقلار تامام بولىدىغان ئاللاھقا خاستۇر» دەيتتى. شۇم خەۋەر يەتسە: «الْحَمْدُ لِلَّهِ عَلَى كُلِّ حَالٍ» تەرجىمىسى: «ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر» دەيتتى. [ئىبنى سۇننى ۋە ھاكىم رىۋايىتى].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتسا ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ قەبرەمنى زىيارەتگاھقا ئايلاندۇرىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار، سىلەرنىڭ ماڭا ئېيتقان دۇرۇتۇڭلار سىلەر قەيەردە بولۇشۇڭلاردىن قەتئىي نەزەر، ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن تىلغا ئېلىنغان جايدا ماڭا دۇرۇت ئېيتمىغان ئادەم بېخىلدۇر.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن زېمىندا ئاللاھنىڭ ساياھەتچى پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ئۈممىتىمنىڭ سالامىنى ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.» [نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرەر كىشى ماڭا سالام قىلسا ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاپ قايتۇرغىنىمغا قەدەر، ئاللاھ ماڭا روھىمنى قايتۇرىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

## سالاملىششىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر (ھەقىقى) مۆمىن بولمىغىچىلىك جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە مۆمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرگە ئۇنى قىلساڭلار بىر-بىرىڭلارنى ياخشى

كۆرۈشىدىغان ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ بىر - بىرىڭلارغا سالام قىلىڭلار.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بار، كىمكى بۇ خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرسە ئىمانى تولۇق ئۆزلەشكەن بولىدۇ. (بۇ خىسلەتلەر): ئۆزىگە قارىتا ھەققانى بولۇش، ئۇچرىغانكى كىشىگە سالام قىلىش، موھتاج تۇرۇپ كەڭ قول بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.» [بۇخارى رىۋايىتى].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرى قايسى؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقىلارغا تائام بېرىشىڭىز، سىز تونۇيدىغان - تونۇمايدىغان كىشىلەرگە سالام قىلىشىڭىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## كاپىر سالام قىلسا قانداق جاۋاپ قايتۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا

«سىلەرگە ئەھلى كىتاب (يەھۇدى-ناسارالار) سالام قىلسا ۋەئەلەيكۇم (يەنى سىلەرگىمۇ) دەپ جاۋاپ بېرىڭلار.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## خوراز چىللىغاندا، ئېشەك ھاڭرىغاندا نېمە دېيىش توغرىسىدا

«سىلەر خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا ئاللاھنىڭ پەزلىنى سوراڭلار، چۈنكى ئۇ پەرىشتىنى كۆرىدۇ. ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭلاردا شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىڭلار، چۈنكى ئۇ شەيتاننى كۆرىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## كېچىسى ئىت قاۋىغاندا نېمە دېيىش توغرىسىدا

«كېچىدە ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى، ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەر كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد].

## تىللاپ سالغان كىشىگە قىلىدىغان دۇئا

«اللَّهُمَّ فَأَيُّمَا مُؤْمِنٍ سَبَبْتُهُ فَاجْعَلْ ذَلِكَ لَهُ قُرْبَةً إِلَيْكَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» تەرجىمىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! مەن تىللاپ سالغان ھەر قانداق مۆمىنغا، ئۇنىڭ مەندىن ئىشىتكەن ئاھانىتىنى، قىيامەت كۈنى ساڭا يېقىنلاشتۇرىدىغان سەۋەب قىلىپ بەرگىن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## مۇسۇلمان مۇسۇلماننى مەدھىيىلىسە نېمە دېيىشى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىنى مەدھىيىلىسە، پالاننى مۇنداق دەپ ئويلايمەن، ئۇنىڭدىن ھېساب ئالغۇچى ئاللاھ ئۆزىدۇر، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچكىمنى ئاقلىمايمەن، دىسۇن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى باھا بېرىلگەندە نېمە دېيىش توغرىسىدا

«اللَّهُمَّ لاَ تُؤَاخِذْنِي بِمَا يَقُولُونَ وَاغْفِرْلِي مَا لاَ يَعْلَمُونَ [وَاجْعَلْنِي خَيْرًا مِمَّا يَظُنُّونَ]» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى سەۋەبلىك مېنى جاۋابكارلىققا تارتمىغىن، ئۇلار بىلمەيدىغان (خاتالىقلىرىم) نى مەغپىرەت قىلغىن، مېنى ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشى ھالەتكە ئېرىشتۈرگىن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

## ھەج ياكى ئۆمرىگە ئىھرام باغلىغۇچىنىڭ قانداق تەلبىيە ئېيتىشى توغرىسىدا

«لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إِنَّ الْحَمْدَ، وَالنِّعْمَةَ، لَكَ وَالْمُلْكَ، لاَشَرِيكَ لَكَ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن چاقىرىقىڭغا ئىتائەت قىلدىم، مەن چاقىرىقىڭغا ئىتائەت قىلدىم، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر، شەكسىزكى، ھەمدۇ-سانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق ساڭا خاستۇر، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بەيتۇللاھنى تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ تاۋاپ قىلدى، ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەن ئۆزىدە بار نەرسە بىلەن ئىشارەت قىلىپ تەكبىر ئېيتاتتى.» [بۇخارى رىۋايىتى].

## رۇكنى يامانى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەد ئوتتۇرىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ» تەرجىمىسى: «ئى رەببىمىز ئاللاھ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ۋە ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.» (سۈرە بەقەرە 201-ئايەت)- [ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

## سافا- مەرۋىدە تۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«﴿إِنَّ الصَّفَا والْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللَّهِ﴾ لاَ إِلَهَ إلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، لاَ إِلَهَ إلاّ اللّهُ وَحْدَهُ أَنْجَزَ وَعْدَهُ، وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الأَحْزَابَ وَحْدَهُ» تەرجىمىسى: پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام سافاغا يېقىنلاشقاندا: «سافا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر» [سۈرە بەقەرە 258-ئايەت] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئاندىن: ئاللاھ باشلىغىنىدىن باشلايمەن، دەپ سافانىڭ ئۈستىگە بەيتۇللاھ كۆرۈنگىدەك ھالەتتە چىقىپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنى يەككە- يېگانىلىقىنى تىلغا ئېلىپ، تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە ياردەم بەردى، ئىتتىپاقداش دۈشمەنلەرنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى» دەپ، ئاندىن دۇئا قىلغان ۋە بۇ تەسبىھنى ئۈچ قېتىم ئوقۇغان. مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: «ئاندىن مەرۋىدىمۇ سافادا قىلغاندەك پائالىيەتلەرنى قىلغان،» دەپ بايان قىلىنغان. [مۇسلىم رىۋايىتى].

## ئەرەفات كۈنى ئوقۇلىدىغان دۇئا

«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَـهُ الْحَمْـدُ وَهُـوَ عَلَـى كُـلِّ شَـيْءٍ قَدِيرٌ» تەرجىمىسى: دۇئانىڭ ياخشىسى ئەرەفە كۈنىدىكى دۇئادۇر. مەن ۋە مەندىن ئىلگىركى پەيغەمبەرلەر ئېيتقان ئەڭ ياخشى سۆز: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق، جىمى ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىر» دېگەن سۆزدۇر. [تىرمىزى رىۋايىتى].

## مەشئەرۇل ھەرامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسۋائ دېگەن تۆگىگە مىنىپ مەشئەرۇل ھەرامغە كەلگىنىدە، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى، تەكبىر ئېيتتى، «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېدى، ئاللاھنىڭ يەككە - يېگانىلىقىنى تىلغا ئالدى، شۇ ھالەتتە تاڭ يورۇغۇچە تۇردى، ئاندىن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ يەردىن يورۇپ كەتتى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## شەيتانغا تاش ئاتقاندا ھەر بىر تاش بىلەن تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا

«ئۇچ شەيتاننىڭ ھەر بىرىگە تاش ئاتقاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن ئىلگىرىلەيدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدۇ، ئەمما چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقاندا ھەر بىر تاشنى تەكبىر بىلەن ئاتىدۇ، ئاندىن توختىماستىن ئۇ جايدىن ئايرىلىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## ئەجەبلىنەرلىك ۋە خۇشاللىنارلىق ئىشقا يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

«سُبْحَانَ اللّهِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

«اللّهُ أَكْبَرُ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ كاتتىدۇر.» [بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايىتى].

## خۇش -خەۋەر يەتكەندە نېمە قىلىش توغرىسىدا

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، خۇشاللىنارلىق بىرەر ئىش يۈز بەرسە ياكى ئۇنىڭغا خەۋىرى كەلسە ئاللاھ تائالاغا شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن دەرھاللا سەجدە قىلاتتى.» [ئەھلۇل سۇنەن رىۋايىتى].

## بەدىنىدە بىرەر ئاغرىقنى ھېس قىلغاندا نېمە قىلىش توغرىسىدا

«بِاسْمِ اللَّهِ (ئۈچ قېتىم) أَعُوذُ بِاللَّهِ وَقُدْرَتِهِ مِنْ شَرِّ مَا أَجِدُ وَأُحَاذِرُ (يەتتە قېتىم)» تەرجىمىسى: «بەدىنىڭىزدىكى ئاغرىغان جايغا قولىڭىزنى قويۇپ تۇرۇپ: "بىسمىللاھ" نى ئۈچ قېتىم ئېيتىڭ ۋە مەن ھېس قىلىۋاتقان، ھەزەر ئەيلەۋاتقان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە سىغىنىمەن، دېگەن سۆزلەرنى يەتتە قېتىم ئېيتىڭ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## باشقىلارغا كۆزى تېگىپ كېتىشتىن قورقىقان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشى ياكى ئۆزىدىن ياكى مېلىدىن تەئەججۇپلەندۈرىدىغان بىرەر ئەھۋالنى كۆرسە، ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن. چۈنكى كۆز تېگىش ھەقتۇر.» [ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە، مالىك رىۋايىتى].

## چۈچۈگەندە نېمە دېيىش توغرىسىدا

«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ» تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىش كېرەك. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## مال بوغۇزلىغاندا نېمە دېيىش توغرىسىدا

«بِاسْمِ اللَّهِ وَاللَّهُ أَكْبَرُ [اللَّهُمَّ مِنْكَ وَلَكَ] اللَّهُمَّ تَقَبَّلْ مِنِّي» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (بوغۇزلايمەن)، ئاللاھ كاتتىدۇر. ئى ئاللاھ! (بوزلىنىۋاتقان نەرسە) سەندىندۇر ۋە سەن ئۈچۈندۇر. ئى ئاللاھ! مەندىن بۇنى قوبۇل قىلغىن.» [مۇسلىم ۋە بەيھەقى رىۋايىتى].

## شەيتاننىڭ ھىلە-مىكىرلىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ الَّتِي لاَ يُجَاوِزُهُنَّ بَرٌّ وَلاَ فَاجِرٌ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ، وَبَرَأَ وَذَرَأَ، وَمِنْ شَرِّ مَا يَنْزِلُ مِنَ السَّمَاءِ، وَمِنْ شَرِّ مَا يَعْرُجُ فِيهَا، وَمِنْ شَرِّ مَا ذَرَأَ فِي الأَرْضِ وَمِنْ شَرِّ مَا يَخْرُجُ مِنْهَا، وَمِنْ شَرِّ فِتَنِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ، وَمِنْ شَرِّ كُلِّ طَارِقٍ إِلاَّ طَارِقًا يَطْرُقُ بِخَيْرٍ يَا رَحْمَنُ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ ياراتقان، ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ۋە

روياپقا چىقارغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ئاسىماندىن چۈشىدىغان ۋە ئۈنىڭغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، زېمىندا مەۋجۇت بولغان ۋە ئۈنىڭدىن چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ پىتنىسىدىن، ياخشىلىقتىن خالىي ھەر قانداق ئىشىك قاققۇچىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھنىڭ سالىھلارمۇ ۋە پاسىقلارمۇ ھالقىپ كېتەلمەيدىغان ئۇلۇغ سۆزلىرى بىلەن ئۈنىڭغا سىغىنىمەن.» [ئەھمەد ۋە ئىبنى سۈننى رىۋايىتى].

## ئىستىغپار ۋە تەۋبە توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەر كۈنى ئاللاھتىن يەتمىش قېتىمدىن كۆپرەك مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن ۋە ئۈنىڭغا تەۋبە قىلىمەن.» [بۇخارى رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار، جەزمەنكى، مەن ئاللاھقا كۈنىگە يۈز قېتىم تەۋبە قىلىمەن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكـى «أَسْـتَغْفِرُ اللّـهَ الْعَظِـيْمَ الّذِي لاَ إِلَهَ إِلاّ هُوَ الْحَيّ الْقَيُّومَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ» تەرجىمىسى: "ئۇلۇغ ئاللاھتىن كەچۈرۈم سورايمەن ۋە ئۇ زاتقا تەۋبە قىلىمەنكى، ئۇنىڭدىن باشـقا ھـېچ ئـىلاھ يوقتـۇر، ئـۇ ھاياتتۇر، مۇتلەق ئىدارە قىلغۇچىدۇر"، دېسە ئۇ گەرچە جەڭ مەيدانىـدىن قاچقـان كىشى بولسىمۇ ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ.» [ئەبـۇ داۋۇد ۋە تىرمىـزى، ھـاكىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنـداق دېـگەن: «پەرۋەردىگـار بەندىسـىگە ئەڭ يـېقىن بولـىدىغان ۋاقىــت كېچىنىــڭ ئاخىرىــدۇر، شـۇ ۋاقىتتـا ئـاللاھنى زىكـرى قىلغانلاردىن بولۇشقا قادىر بولالىساڭ، شـۇنداق بـولغىن.» [تىرمىـزى ۋە نەسـائى، ھاكىم رىۋايىتى].

پەيغەمــبەر ئەلەيھسســالام مۇنــداق دېــگەن: «بەنــدە پەرۋەردىگارىغـا ئەڭ يـېقىن بولــىدىغان ۋاقىــت، ســەجدىدىكى ھالىتىــدۇر. (ســەجدىدە) كــۆپ دۇئـا قىلىڭلار.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بەزىدە مېنىڭ قەلبىمگىمۇ سەۋەنلىك يېتىپ قالىدۇ. جەزمەنكى، مەن كۈنىگە ئاللاھ تائالادىن يۈز قېتىم كەچۈرۈم سورايمەن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

## سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر دېيىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كۈنىگە يۈز قېتىم: «سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ» تەرجىمىسى: (سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى) يەنى ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دېسە ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپىكىدەك كۆپ بولسىمۇ يوقا چىقىرىلىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئون قېتىم: «لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللّـهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَـهُ، لَـهُ الْمُلْـكُ، وَلَـهُ الْحَمْـدُ، وَهُـوَ عَلَـى كُـلِّ شَـيْءٍ قَـدِيرٌ» تەرجىمىسى: (ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر

نەرسىگە قادىردۇر) دېسە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن تۆت قۇلنى ئازات قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئېيتىشتا تىلغا يەڭگىل، مىزان (قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان تارازا) دا ئېغىر، ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ئىككى سۆز بار، ئۇ بولسىمۇ: «سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ سُبْحَانَ اللَّهِ الْعَظِيمِ» (سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى سۇبھانەللاھىل ئەزىم) تەرجىمىسى: ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئۇلۇغ ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دېگەن سۆزلەردۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سُبْحَانَ اللَّهِ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ، وَاللَّهُ أَكْبَرُ» تەرجىمىسى: ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، جىمى ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر

دېيىش، مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى  بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكراقتۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كۈنگە مىڭ ياخشىلىق قىلالامدۇ؟» دېگەندە، ئۇنىڭ سورۇنداشلىرىنىڭ بىرى: بىر ئادەم قانداقمۇ ھەركۈنى مىڭ ياخشىلىق قىلالايدۇ؟! دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشى يۈز قېتىم تەسبىھ ئېيتسا ئۇنىڭغا مىڭ ياخشىلىق يېزىلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن مىڭ خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ» دەيدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى].

«كىمكى«سُبْحَانَ اللّٰهِ الْعَظِيمِ وَبِحَمْدِهِ» (سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى) تەرجىمىسى: ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دېسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر تۈپ خورما دەرىخى تىكىلىدۇ.» [تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس! ساڭا جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بولغان بىر خەزىنىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېۋىدى، مەن: بولىدۇ،

يا رەسۇلۇللاھ! دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاَ حَـوْلَ وَلاَ قُـوَّةَ إلاّ بِاللّـهِ» (لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى) نــى ئوقـۇغىن»، دېـدى. [بۇخـارى ۋە مۇسـلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېـگەن: «ئاللاھقـا ئەڭ سـۆيۈملۈك سـۆز تۆتتۇر: «سُـبْحَانَ اللّـهِ، وَالْحَمْـدُ لِلّـهِ، وَلاَ إلَـهَ إلاّ اللّـهُ وَاللّـهُ أَكْبَـرُ» (سـۇبھانەللاھ، ۋەلھەمدۇلىللاھى، ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھ، ۋەللاھۇ ئەكـبەر.) ئۇلارنـڭ قايسىسـىنى بۇرۇن دېسىڭىز بولاۋېرىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

بىر سەھرالىق كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ماڭـا بىـر سۆز ئۆگىتىپ قويغان بولسىلا، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاَ إلَـهَ إلاّ اللّـهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، اللّهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا وَالْحَمْدُ لِلّهِ كَثِيرًا، سُـبْحَانَ اللّـهِ رَبِّ الْعَـالَمِينَ، لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إلاّ بِاللّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ» تەرجىمىسـى: ئـاللاھتىن باشـقا ھـېچ ئـىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شـېرىكى يوقتـۇر، ئـاللاھ كاتتىـدۇر، جىمـى ھەمـدۇ-سـانالار ئاللاھقـا خاسـتۇر، ئالەملەرنـىڭ پەرۋەردىگـارى ئـاللاھنى بـارچە

ئۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، غالىب، ھېكمەتلىك ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچقانداق كۈچ - قۇۋۋەت يوقتۇر، دېگەنلەرنى ئوقۇغىن دېگەندە، ئۇ كىشى: بۇلار رەببىم ئۈچۈندۇر، ئۆزەم ئۈچۈنچۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي، وَارْحَمْنِي، وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن» دېگىن، دېدى. [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىم مۇسۇلمان بولسا نامار ئوقۇشنى تەلىم بېرەتتى، ئاندىن بۇ سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيتتى: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي، وَارْحَمْنِي، وَاهْدِنِي، وَعَافِنِي وَارْزُقْنِي» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنى ئەپۇ قىلغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

«شەكسىزكى، دۇئانىڭ ئەۋزىلى **اَلْحَمْدُ لِلّٰـهِ** (ئەلھەمـدۇ لىلـلاھ)، زىكرىنىـڭ ئەۋزىلى **لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ** (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) تۇر.» [تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە، ھاكىم رىۋايىتى].

«سُبْحَانَ اللّهِ، وَالْحَمْدُ لِلّهِ، وَلاَ إِلَه إِلاّ اللّهُ، وَاللّهُ أَكْبَرُ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاّ بِاللّهِ»

تەرجىمىسى: «ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پـاكتۇر، جىمـى ھەمـدۇ سـانا ئاللاھقـا خاسـتۇر، ئـاللاھتىن باشـقا ھـېچ ئـىلاھ يوقتـۇر، ئـاللاھ كاتتىـدۇر، ئاللاھنىــڭ ياردىمىســز ھېچقانـداق كـۈچ - قـۇۋۋەت يوقتـۇر، دېـگەن سـۆزلەردۇر.» [ئىمـام ئەھمەد رىۋايىتى].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تەسبىھ ئېيتقانلىقى توغرىسىدا

ئابـدۇللاھ ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىــڭ مۇنـداق دېگەنلىكـى رىـۋايەت قىلىنىــدۇ: «مەن پەيغەمــبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ تەســبىھ "يەنــى ســۇبھانەللاھ" ئېيتقانـدا ئـوڭ قـولى بىــلەن ســاناۋاتقانلىقىنى كـۆردۈم.» [ئەبـۇ داۋۇد ۋە تىرمىــزى رىۋايىتى].

## ياخشىلىقنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا

«كەچ كىرگەندە كىچىك بالىلىرىڭلارنى تاشقىرىغا چىقىشتىن چەكلەڭلار. چۈنكى بۇ چاغدا شەيتانلار تارىلىدۇ، كەچنىڭ بىر قىسمى ئۆتۈپ بولغاندا ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار. ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ تۇرۇپ ئىشىكىڭلارنى تاقاڭلار. چۈنكى شەيتان تاقالغان ئىشىكنى ئاچالمايدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ تۇرۇپ تۇلۇمۇڭلارنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ قويۇڭلار. سىلەر ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ تۇرۇپ قاچا-قاچىلىرىڭلارنىڭ ئۈستىنى يۆگەپ قويۇڭلار. ھېچ بولمىغاندا بىرەر نەرسە بىلەن بولسىمۇ يېپىپ قويۇڭلار ۋە چىراغلىرىڭلارنى ئۆچۈرۈڭلار.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئاخىرىدا ئۇلۇغ ئىگىمىز ئاللاھ تائالادىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغە، ئائىلە - تاۋابىاتلىرىغە، ساھابىلىرىغە ۋە ئۇلارغە ساداقەت بىلەن قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە ئامانلىق تىلەيمىز ھەمدە سالام يوللايمىز.